بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 – يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

دوكتور مۇستافا سىبائىي

# شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار

تەرجىمە قىلغۇچى:
ئابدۇرراززاق رەجەب

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# Oryantalizm ve Oryantalistler

# شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار

ئاپتورى: دوكتور مۇستافا سىبائىي

Tercüme:
**Abdurazak Recep**

تەرجىمە قىلغۇچى:
**ئابدۇررازاق رەجەب**

Editör:
**Habibullah Kurbani**

تەھرىرلىگۇچى:
**ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان**

Yayıncı:
**Haksever İslam Araştırma Merkezi**

نەشر قىلغۇچى ئورۇن:
**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

Kapak ve İç Sayfa Tasarımı:
**Ufuk Tasarım**

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۇچى:
**ئۇپۇق ئېلان-لايىھەچىلىكى**

**ISBN: 978-625-99373-0-4**

Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2023-يىلى 9-ئاي

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
haksever090@gmail.com

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە

تەرجىمە قىلغۇچىدىن ................................................ 1
دوكتور مۇستافا سىبائىينىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى..... 7
شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار............................. 9
كىرىش سۆز............................................................ 11
شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار........................... 15
شەرقشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ............... 23
شەرقشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەلىرى..................... 25
شەرقشۇناسلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرى....... 27
شەرقشۇناسلىقنىڭ نىشانلىرى................................. 33
شەرقشۇناسلارنىڭ نىشانغا يېتىش ۋاستىلىرى.......... 43
شەرقشۇناسلار نەشر قىلغان ژۇرناللار...................... 47
دەۋرىمىزدىكى ئەڭ خەتەرلىك شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ..................................................................... 49
بەزىلەر ئۇچۇن ئىلمىي، ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇچۇن خەتەرلىك دەپ قارالغان بەزى كىتابلار......................... 59
شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات ئۆلچەملىرى ................ 65
ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىم .... 75
خاتىمە..................................................................... 87

HAK

HAKSEVER

## تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ئىسلام نۇرى مەككە مۇكەررەمەدىكى ھىرا غارىدا چاقنىغاندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە قەدەر نۇرغۇن خىرىسلارغا دۇچ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار مەككىدە كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. مەدىنەدىكى مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار، مۇناپىقلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ سۇيىقەستلىرى بىلەن كاپىرلارنىڭ قوراللىق ھۇجۇملىرىغا دۇچ كەلدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلارنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرى ۋە مۇرتەدلەرنىڭ ئىسيانلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، زاكاتنى رەت قىلغانلارنىڭ يولسىزلىقلىرىغا تېگىشلىك جاۋابنى بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە خاۋارىج، شىئە ۋە باشقا نۇرغۇن ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ خىرىسلىرىغىمۇ ئۇچراپ تۇردى.

ھىجرىيە 6 - ئەسىردە ئىسلام دىيارلىرى بىر تەرەپتىن موڭغۇل ۋە ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باتىنىيلارنىڭ پىكرىي ھۇجۇملىرىغا ۋە ھەششاشىيلارنىڭ پىلانلىق سۇيىقەستلىرىگە دۇچ كەلدى. ئىسلام تېخى يېقىنقى يىللاردىمۇ ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە جايلاردا ھەر خىل پىكرىي ۋە مەدەنىيەت ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىدى ۋە ئۇچرىماقتا. ئەمما، ھەر دەۋردە بۇ دىننى دۈشمەنلەرنىڭ زەھەرلىك پىكىرلىرىدىن، سۇيىقەستلىرىدىن ۋە تۈرلۈك بوھتانلىرىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان تالانتلىق ئالىم، ئۆلىمالارمۇ كەم بولمىدى.

جۇملىدىن، دەۋرىمىزدىكى پىكرىي ۋە مەدەنىيەت ھۆجۇملىرىنىڭ ئەڭ خەتەرلىكراقلىرىدىن بىرى شەرقشۇناسلىق ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ئاساسەن ئالىملار، زىيالىيلار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئارىسىدا ئىشقا ئاشىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسلامغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇشتىنمۇ خەتەرلىكراق بولۇۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ھەرىكەتنى غەرب ھۆكۈمەتلىرى، خىرىستىيان چېركاۋلىرى، يەھۇدىيلار، كوممۇنىستلار ۋە ئىسلامغا قارشى پۈتۈن كۈچلەر مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

بۇ ھەقتە ئەبۇلھەسەن نەدۋىي مۇنداق دېگەن: «ئەپسۇسكى، ئىسلام دۇنياسى ئۇزۇندىن بېرى ئىلمىي ساھەدىكى يېتەكچىلىك رولىنى ۋە پىكرىي ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ قويغاچقا، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىدا ھەتتا تەفسىر، ھەدىس، فىقھ قاتارلىق دىنىي ئىلىملەردىمۇ غەربكە موھتاج بولۇپ، شۇلارنىڭ داستىخىنىدىكى تەييارتاپقا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا، شەرقشۇناسلار ئىلمىي تەتقىقات، قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئەڭ نوپۇزلۇق ئۇستاز ۋە يېتەكچىلەر بولۇپ قالدى. تارىخ، پەلسەپە، ئىسلام ئىدىيەسى ۋە ئەھكاملىرى قاتارلىق ساھەلەردە شۇلارنىڭ سۆزلىرى بىردىنبىر ئىسپاتقا يارايدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبەگە ئايلاندى. نەتىجىدە، مەزكۇر ساھەلەردە رەت قىلىش ياكى قوبۇل قىلىپ بېكىتىشتە ئەڭ سالاھىيەتلىك نامزاتلارمۇ يەنە شۇلار بولدى.

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پوپلار، خىرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان رادىكاللىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر ئوچۇم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىسلامغا ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەشەددىي ئۆچمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقان، ئىسلام مەدەنىيىتىنى چاكىنا كۆرسىتىپ مەسخىرە قىلىۋاتقان، مەتىن (ئايەت - ھەدىس) لەر ۋە نەقىللەرنى بۇرمىلاپ، خىيانەت قىلىۋاتقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلمەيدىغان ۋە بۇ

ساھەدە ئىختىساسلاشمىغان كىشىلەر بولغاچقا، مەتىنلەرنى ئەتراپلىق چۈشىنەلمەي تەرجىمە قىلىشتا كەچۈرگۈسىز ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلىۋاتىدۇ.

شەرقشۇناسلارنىڭ پىكىر ئېقىملىرى ۋە تەشۋىقاتلىرى ئىسلام دۇنياسىدىكى يېڭى ئىلمىي مۇھىتلارغا سىڭىپ كىرىپ، ‹دىننى سىياسەتتىن ئايرىش›، ‹دىن پەقەت شەخسنىڭلا ئىشى، جەمئىيەت بىلەن ئالاقىسى يوق›، ‹دىن پەقەت ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاقتىنلا ئىبارەت، سىياسەت ۋە ئىدارىي ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق›، ‹دىنىي چۈشەنچىلەرگە ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك› دېگەندەك ئىدىيە ۋە پىكىرلەر ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى شاگىرتلىرى ۋە قولچوماقچىلىرى مەزكۇر ئىدىيە ۋە پىكىرلەرنى توختىماي بازارغا سېلىپ، ئىزچىل تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان يازغۇچى، مۇتەپەككۇرلار غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، قىممەت - قاراشلىرىنى ئىككىلەنمەي، دادىللىق بىلەن تەنقىد قىلالمىدى. بەزىلىرى تەپەككۇردا زەئىپلىشىپ، تەقلىدچىلىك پاتقىقىغا شۇڭچىلىك پېتىپ كەتتىكى، بۇنداقلارنىڭ قارىشىدا غەرب مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە بولۇپ، ئۇلار ‹بۇنىڭدىن يۇقىرى پەللە يوق› دەپ جار سالماقتا. يەنە بەزىلىرى ‹پۈتۈن غەرب مەدەنىيىتىنى شەرق دۇنياسىغا شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش كېرەك› دەپ تەشۋىق قىلماقتا. ھەتتا بەزى ئەرەب دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ياۋروپاغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان يۇنان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ جار سالماقتا.

بۈگۈنكى ئەۋلادلاردا غەرب مەدەنىيىتىنى مۇكەممەل ئوپېراتسىيە قىلىپ، ھايات پەلسەپىسىنى ۋە قىممەت

قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلەيدىغان ۋە بۇ ھەقتە قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچە بېرەلەيدىغان، ئىلمىلىك، پاراسەتلىك، تالانتلىق مۇتەپەككۇرلار ئازلاپ كەتتى. ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ياۋروپالىق ئۇستاز مۇھەممەد ئەسەدكە ئوخشاش قىممەتلىك شەخسلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەلۋەتتە.

ناۋادا ئىسلام دۇنياسى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ تەپەككۇر قىلمىز دەيدىكەن، قانداق قىلسا قىلىپ بويىنىدىكى قۇللۇق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، غەرب مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ سەلبىي تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان، شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە قاراشلىرىنى تەپەككۇر ئەلگىكىدە تاسقاپ، خاتالىقلىرىنى تۈزىتەلىگۈدەك سەۋىيەگە ئىگە زەبەردەست ئۆلىمالارنى ۋە پىكرى ئۆتكۈر يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. بۇلار ئىسلامىي ئىلىملەردە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى كاتتا شەرقشۇناسلارنىڭ خاتا قاراشلىرىنى تۈزىتەلىگۈدەك دەرىجىدە ۋايىغا يېتىشى ۋە ئىختىساسلىشىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا تەتقىقاتچىلار ۋە ئىلىم ئاشىنالىرى خۇددى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە بېرىشقا ئادەتلەنگەندەك، ئىسلام مەركەزلىرىگە كېلىشكە باشلايدۇ»[1].

## ھۆرمەتلىك كىتابخان!

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولغان بۈيۈك ئالىم، شىجائەتلىك مۇجاھىد دوكتور مۇستافا سىبائىينىڭ «شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار (**الاستشراق والمستشرقون ما لهم وما عليهم**)» ناملىق ئەسىرى مۇشۇ ساھەدە يېزىلغان ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ

1 ئەبۇلھەسەن نەدۋىي: «مازا خەسىرەل ئالەم بىئىنھىتاتىل مۇسلىمىن»، مەكتەبەتۇل ئىمان ئەلمەنسۇرە، قاھىرە، 237 - 238 بەتلەر.

ئەسەردە شەرقشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەلىرى، ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرى ۋە نىشانلىرى، شەرقشۇناسلارنىڭ نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللانغان ۋاستىلىرى، دەۋرىمىزدىكى ئەڭ خەتەرلىك دەپ قارالغان شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قاتارلىق ئىنتايىن مۇھىم تېمىلار بايان قىلىنغان؛ غەربتە شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت، ئورگان ۋە مەركەزلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى، بۇ ئورۇنلاردا ئاساسەن دىگۇدەك يەھۇدىي ياكى خرىستىيان تەتقىقاتچىلارنىڭلا ئىشلەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىش، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە شەك - شۈبھە پەيدا قىلىش، ئۇلارنى دىنىدىن ۋە ئېتىقادىدىن يىراقلاشتۇرۇش، مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەنلىكى كونكرېت شەكىلدە دەلىل - ئىسپاتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقشۇناسلار ئارىسىدا تەتقىقات ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ھەقنى مۇداپىئە قىلغان ئاز بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ بارلىقىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

شۇ ۋەجىدىن، كەمىنە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى دەۋرىمىزدىكى ئىسلامغا قارشى ئەڭ خەتەرلىك پىكرىي ھۇجۇملارنىڭ مەنبەسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ زامانىمىزدىكى ھەر خىل زەھەرلىك پىكىرلەرگە قارشى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە بۇ كىتابنىڭ «ئەلمەكتەبۇل ئىسلامىي، دارۇلۋەرراق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم. ئۇلۇغ ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلارنى بۇ قىممەتلىك ئەسەردىن مەنپەئەتدار قىلسۇن، ئامىن!

# دوكتور مۇستافا سىبائىينىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

دوكتور مۇستافا سىبائىي مىلادىيە 1915 - يىلى سۈرىيەنىڭ ھىمس شەھىرىدە، يۈز يىللاردىن بىرى مەرىپەتپەرۋەرلىكى ۋە دىندارلىقى بىلەن تونۇلغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا – بوۋىلىرى ھىمس شەھىرىدىكى چوڭ بىر جامەدە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋەز ئېيتىپ كەلگەن بولۇپ، دادىسى ھەسەنىي سىبائىي فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇش بىلەن تونۇلغان كىشى ئىدى. ئۇ دەسلەپكى ئوقۇشلىرىنى دادىسىدا ئوقۇپ، دادىسىنىڭ تەربىيەلىرى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

دوكتور مۇستافا سىبائىي 1933 – يىلى مىسىرغا بېرىپ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

1941 – يىلى «يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئىنگلىزلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. بىرقانچە ئايدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ، جاھانگىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋە دىنىي مائارىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئانا ۋەتىنى ھىمس شەھىرىگە قايتقان. كېيىن سۈرىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1945 – يىلى سۈرىيەدە «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى بولغان. يەنە شۇ يىلى ھىمس شەھىرىدە فىرانسىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلابقا قوماندانلىق قىلغان.

1949 – يىلى سۈرىيەلىك قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى مۇجاھىدلارغا باش بولۇپ، پەلەستىن جىھادىغا قاتناشقان.

يەنە شۇ يىلى «ئەسسۇننە ۋەمەكانەتۇھا فىتتەشرىئىل ئىسلامىي (سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى)» ناملىق دوكتورلۇق رىسالىسىنى تاماملاپ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. مۇئەللىپ بۇ رىسالىسىدە شەرقشۇناسلارنىڭ ھەدىس ۋە ھەدىس ئۆلىمالىرى ھەققىدىكى خاتا قاراشلىرىنى ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلىپ، رەددىيە بەرگەن.

1950 – يىلى دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 1955 – يىلى دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت فاكۇلتېتىنى قۇرغان.

1964 – يىلى بىر تەرەپتىن شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغىغان پىكرىي ھۇجۇملىرىغا قارشى قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە يارامىلىق دىنىي ئالىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئانا ۋەتىنى ھىمس ۋە پەلەستىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئىشغالىيەتچى دۈشمەنلەرگە قارشى قوراللىق جىھادقا قاتنىشىش دېگەندەك بۈيۈك خىزمەتلەر ۋە ئۆچمەس ئىزلار بىلەن تولغان شانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان[2].

2 ئابدۇللاھ مەھمۇد تەنتاۋىي: «مۇستافا ئەسسىبائىي...»، دارۇلقەلەم، دەمەشق، 2001، 11 – 17 بەتلەر.

# شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ۋە سالامى سەييىدىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن.

ساھابە، تابىئىن ۋە تەبەئى تابىئىن قاتارلىق ئۈچ ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىدا قانچىلىك چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ دىنغا خىزمەت قىلىش يولىدا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت شانلىق تارىخ ھەممەيلەنگە ئايان. ئەمما، مەزكۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخ بەتلىرىدىكى زۇلمەتلىك دەۋرنى شانلىق دەۋرگە قانداق باغلاشنى بىلمەي، ئۇلارنىڭ شانلىق دەۋرى ئالدىدا خىجالەتتىن يەرگە قاراپ قېلىشىمىز تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال ۋە بۇ بىز مۇسۇلمانلارغا قەتئىي ياراشمايدىغان ئىشتۇر.

ئىسلام تارىخىدىكى بەزى ھادىسىلەرنىڭ ئەبجەش كۆرۈنۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بىر قىسىم قارا قوللارنىڭ تارىخىمىزنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بۇرمىلىغانلىقى ۋە تارىخىمىزنى بۇ ئۈممەتنىڭ ئىلاھىي ۋەزىپىنى لايىقىدا ئادا قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يەتكۈزەلەيدىغانلىقىدىن باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىشەنچسىز قارا قوللارنىڭ يېزىپ قالدۇرغانلىقىدۇر.

ھازىر بالىلىرىمىز ھەرقايسى مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا

دەرسلىك قىلىۋاتقان تارىخ ماتېرىياللىرىغا قارايدىغان بولساق، ئىسلام ئۈممىتىگە ۋە ئۇنىڭ شانلىق تارىخىغا قانچىلىك ھۇجۇم قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

(ئەپسۇسكى)، بۇ ھۇجۇملارنى پىلانلاپ، ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار كاللىسىغا شەرقشۇناسلارنىڭ زەھەرلىك پىكىرلىرى قاچىلانغان ۋە شۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە يېتىشكەن ئۆز ئەۋلادلىرىمىزدۇر. ئەمدى شەرقشۇناسلار ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن شۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىللىرى ئارقىلىق خالىغىنىنى دەيدۇ، شېرىن چۈشلىرىنى شۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچ - ئاداۋەتلىرىنىڭ ئەنتىنى شۇلار ئارقىلىق ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللىبۇرۇن شەرقشۇناسلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ بولغان.

ئوسمانىيلار ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنى ئالىدىغان بولساق، شەرقشۇناسلارنىڭ ياكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ دەۋر ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئاساسسىز، ساختا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، شەرقشۇناسلار مۇسۇلمان تۈركلەرنى «ئەرەب دۆلەتلىرىنى ئىشغال قىلىپ، بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلغان جاھانگىرلار. ئۇلار يىللاردىن بېرى داۋراڭ سېلىۋاتقان ئەقىدە بىرلىكى پەقەت (ئۇلارنىڭ جاھانگىرلىك ئەپت - بەشىرىسىنى) يوشۇرىدىغان نىقابى. ئۇلار ئاشۇ نىقاب ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىرلىك غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرغان» دەپ قارايدۇ.

شەرقشۇناسلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىزگە ئىسلام مەدەنىيىتىنى رېئاللىققا تۈپتىن زىت شەكىلدە، چاكىنىلاشتۇرۇپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ غەرەزلىرى بۇ شانلىق مەدەنىيەتنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان زور ئۇتۇقلىرىنى كەمسىتىشتۇر. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا، ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

شەرقشۇناسلار ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، بۇرمىلاش بىلەنلا قالماي، تەفسىر، ھەدىس ۋە فىقھە قاتارلىق ئىسلام ئىلىملىرىگە قەدەر قارا قوللىرىنى سوزۇپ، بەزىدە ئەسلى تېكىستلەرنى ئۆزگەرتتى؛ ئۆزگەرتىشكە كۈچى يەتمىگەن نۇقتىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى.

شەرقشۇناسلارنىڭ كىتابلىرىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار تەفسىر، ھەدىس، فىقھە، ئىسلام ئەدەبىياتى، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام كۇلتۇرى قاتارلىق تېمىلار ئىنچىكە تەتقىق قىلىنغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ئىنستىتۇت ۋە خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا مەزكۇر ساھەلەردە ئىختىساسلاشماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىنچى قول تەتقىقات مەنبەلىرى بولۇپ قېلىشى، نەتىجىدە مەزكۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرقشۇناسلارنىڭ ئىدىيە ۋە پىكىرلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان جارچىلارغا ئايلىنىپ قېلىشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر.

مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە قۇرئان كەرىمنى يول بەلگىسى قىلغان ئۈممەتنىڭ (شانلىق تارىخىغا چاڭ – توزان قوندۇرماسلىقتا) غەيرەت قىلغان بەزى ئۆلىمالار شەرقشۇناسلارنىڭ غەرەزلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئەپت – بەشىرىسىنى ئېچىپ بەردى.

قولىڭىزدىكى ھەجمى كىچىك، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر بۇ رىسالە رەھمەتلىك ئاتام دوكتور مۇستافا سىبائىينىڭ ئەنە شۇنداق غەيرەت بىلەن شەرقشۇناسلار ھەققىدە يازغان يازمىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ تېما ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، رەھمەتلىك ئاتام بۇ رىسالىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، بىر قىسىم مەزمۇنلارنى قوشۇشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي دۇنيادىن كېتىپ قالدى.

بۇ رىسالىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى «ھەزارەتۇل ئىسلام (ئىسلام مەدەنىيىتى)» ناملىق ژۇرنالدا ۋە «ئەسسۇننە ۋە

مەكانەتۇھا فىتتەشرىيئىل ئىسلامىي (سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى)» ناملىق كىتابتا نەشر قىلىنغان. ئەمدى بۇ كىچىك رىسالىنى كېڭەيتىش ۋە بەزى مۇھىم مەزمۇنلارنى قوشۇش قاتارلىق ئىشلار ئىسلامىي دەۋەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان، زەھەرلىك پىكىرلەرگە قارشى تۇرۇشقا بەل باغلىغانلارنىڭ ئۈستىگە ئامانەت بولۇپ قالدى.

ئاللاھ تائالا ئاتامغا رەھمەت قىلغاي، رەھمەت بولۇتلىرىدىن يامغۇرلار ياغدۇرغاي، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار نامىدىن ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپاتلار ئاتا قىلغاي، دۇئايىمىزنى «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر» دەپ ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ھەسسان مۇستافا سىبائىي

# شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار

شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار تېمىسى كۆنىمىزگە قەدەر ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىپ باقمىغان بىر تېما بولۇپ، هازىرغىچە هېچبىر يازغۇچى شەرقشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، نىشان ۋە غايىلىرى، پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرى قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ باقمىدى؛ شەرقشۇناسلارنىڭ تۈرلۈك پىرقىلىرىنى، پائالىيەتلىرىنى، تەتقىقاتلىرىنى ۋە ئەسەرلىرىدىكى توغرا – خاتالىقلارنى تەكشۈرۈپ باقمىدى.

بۇ هەقتە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى يا پىروفېسسور نەجىب ئەقىقىينىڭ «ئەلمۇستەشرىقۇن (شەرقشۇناسلار)» ناملىق كىتابىغا ئوخشاش شەرقشۇناسلارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختايدۇ، يا شەرقشۇناسلارنىڭ مىسسىيونېرلىق ۋە جاھانگىرلىك غەرەزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتىن ھالقىيالمايدۇ.

شەرقشۇناسلار ھەققىدە قىلىنغان تەتقىقاتلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام كۇلتۇرى بۆلۈمىنىڭ باش مۇدىرى پىروفېسسور مۇھەممەد ئەلبەھىينىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چوڭ سالونىدا سۆزلىگەن لېكسىيەسىدۇر.

ئارىمىزدا شەرقشۇناسلارغا ئىشىنىپ، پىكىرلىرىگە تايىنىش ۋە ئەسەرلىرىنى ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈشتە چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلەر بار. ھازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتى بۆلۈمىدە شەرقشۇناسلارنىڭ تۈنجى ئوقۇغۇچىسى بولغان دوكتور تاھا ھۈسەيىن مۇشۇ تىپتىكى كىشىلەردىندۇر.

تاھا ھۈسەين «ئەلئەدەبۇل جاھىلىي (جاھىلىيەت ئەدەبىياتى)» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش بۆلۈمىدە مۇنداق دەيدۇ: «ياۋروپالىقلار (شەرقشۇناسلار) نىڭ شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخىنى، ئەدەبىياتىنى ۋە تۈرلۈك تىل شېۋىلىرىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئېرىشكەن ئىلمىي يەكۈنلىرىدىن خەۋەرسىز، ھەتتا خەۋەردار بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتكىلىمۇ بولمايدىغان بىرىنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى ئۇستازى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھازىر پەقەت مۇشۇ كىشىلەردىنلا بىلىم ئۆگىنىش كېرەك. بىز ئۆز كۈچىمىز بىلەن ئۆزە تۇرالىغۇدەك، ئۆز قاناتلىرىمىز بىلەن پەرۋاز قىلالىغۇدەك ۋە شەرقشۇناسلار تەتقىقاتتا ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىلىملىرىمىزنى، تارىخىمىزنى ۋە ئەدەبىياتىمىزنى قايتۇرۇپ ئالالىغۇدەك بولغانغا قەدەر بىلىمنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز لازىم».

بۇ سۆزلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە زامانىۋى پىكرىي گۈللىنىش دەۋرىنىڭ باشلىرىدا باشتىن كەچۈرگەن پىكرىي قۇللۇق دەۋرىنىڭ تىپىك ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەمەلىيەتتە، تاھا ھۈسەيننىڭ پىكىرلىرى «مارجىلىيوس ((Margoliouth»قا ئوخشاش ئىسلام ۋە ئەرەب دۈشمىنى بولغان مۇتەئەسسىپ شەرقشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنى ئەينەن تەكرارلاپ يازغان «ئەلئەدەبۇل جاھىلىي (جاھىلىيەت ئەدەبىياتى)» ناملىق كىتابى پىكرىي قۇللۇقنىڭ تىپىك مىسالىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئۇ، بۇ كىتابتا شەرقشۇناس «مارجىلىيوس ((Margoliouth»نىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىغان. قىسقىسى، بۇ كىتابتا ئاپتورنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىرمۇ يېڭىلىق يوق.

پىروفېسسور ئەھمەد ئەمىنمۇ «فەجرۇل ئىسلام» ۋە «زۇھەل ئىسلام» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئوخشاش ئىدىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئەسسۇننە ۋە مەكانەتۇھا

فىتتەشرىيئىل ئىسلامي (سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى)» ناملىق كىتابىمدا، ئەھمەد ئەمىننىڭ «فەجرۇل ئىسلام» ناملىق كىتابىنىڭ ھەدىس بۆلۈمىدە شەرقشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ مەنبەلىرىنى كۆرسەتمەستىن قانداق كۆچۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

شەرقشۇناسلارنىڭ پىكىرلىرىنى كۆككە كۆتۈرىدىغانلاردىن يەنە بىرى دوكتور ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىر بولۇپ، ئۇنىڭ «نەزرەتۇن ئاممە فى تارىيخىل فىقھىل ئىسلامي (ئىسلام فىقھشۇناسلىقى تارىخىغا ئومۇمىي نەزەر)» ناملىق كىتابى يەھۇدىي شەرقشۇناس گولدزىھېرنىڭ «دىراساتۇن ئىسلامىيە (ئىسلام تەتقىقاتلىرى)» ۋە «ئەلئەقىدە ۋەششەرىيئە فىل ئىسلام (ئىسلامدا ئەقىدە ۋە شەرىئەت)» ناملىق كىتابلىرىدا يازغانلىرىنىڭ ھەرپمۇھەرپ تەرجىمىسىدۇر.

دوكتور ئەلى ھەسەنمۇ تاھا ھۈسەين ۋە ئەھمەد ئەمىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش كىتابىدىكى قاراشلارنى شەرقشۇناس ئۇستازلىرىغا نىسبەت بەرمەي، خۇددى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدەكلا ئوتتۇرىغا قويغان ئىشەنچسىز بىر كىشىدۇر.

بىلىشىمچە، دوكتور ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىر ھازىر لوندوندىكى ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا ئىبرەتلىك بىر ھېكايە بار بولۇپ، بۇ يەردە مەزكۇر ھېكايىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى پايدىلىق دەپ قارايمەن. يەنە كېلىپ، ئۇ مېنىڭ «ئەسسۈننە ۋە مەكانەتۇھا فىتتەشرىيئىل ئىسلامي (سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى)» ناملىق كىتابىنى يېزىشىمغا سەۋەب بولغان ھېكايىدۇر.

ھېكايىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىنى، مۇلايىم ئەخلاقىنى ۋە ھەقىقەتنى ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىدىغان خىسلىتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن.

بىر 1939 - يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىنىڭ

فىقھە، فىقھە ئۇسۇلى ۋە قانۇنشۇناسلىق تارىخى قاتارلىق ساھەلەردە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىدۇق. شەيخ مۇستافا مەراغىي زامانىدىكى ئەزھەر شەيخى دوكتور ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىرنى «ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخى» بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ گېرمانىيەدە يېقىندا ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇسۇلۇددىن فاكۇلتېتىنىڭ تارىخ قىسمىنى تاماملاپ، گېرمانىيەدە تۆت يىل تۇرۇپ، پەلسەپە پەنلىرى قىسمىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئىدى.

ئۇ تۇنجى دەرسىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن باشلىدى: «مەن سىلەرگە ‹ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخى› ھەققىدە دەرس ئۆتمەكچىمەن. دەرسلەرنى ئەزھەر تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆتىمەن. ئۆزۈمنى ئالسام، مەنمۇ ئەزھەردە 14 يىلدەك ئوقۇپ، ئىسلامنى چۈشىنەلمىگەن ئىكەنمەن. گېرمانىيەدە ئوقۇغاندىن كېيىن ھەقىقىي چۈشەندىم» دېدى. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ سۆزلەردىن ھەيران قالدۇق. ئۆزئارا: «ئۇستازىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى. بەلكىم ئۇ ئىسلام توغرۇلۇق ئۆگىنىۋېلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان، ئەزھەردە يوق مەلۇماتلارنى بىلىشى مۇمكىن» دېيىشتۇق. ئۇ «ھەدىس تارىخى» دەرسىنى قولىدىكى چوڭ ھەجىملىك بىر كىتابنى ھەرپمۇھەرپ تەرجىمە قىلىش بىلەن باشلىدى. كېيىن بىلدۇقكى، ئۇ كىتاب مەشھۇر شەرقشۇناس گولدزىھېرنىڭ «دىراساتۇن ئىسلامىيە (ئىسلام تەتقىقاتلىرى)» ناملىق ئەسىرى ئىكەن. ئوقۇتقۇچى ئۇ كىتابتىكى ئىبارىلەرنى بىرمۇبىر نەقىل قىلىپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ئىلمىي ھەقىقەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. دەرسلەرنى بىر مۇددەت شۇ شەكىلدە داۋاملاشتۇردى. بىز توغرا تاپمىغان قاراشلارغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە باشلىدۇق. ئەمما، ئۇ گولدزىھېرنىڭ كىتابىدا نېمە دېيىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا زىت بىر نەرسە دېيىشكە ئۇنىمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىمام زۆھرىي توغرۇلۇق سۆزلەۋېتىپ ئۇنى «ئۇمەۋىيلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن يالغان ھەدىس توقۇغان» دەپ تۆھمەت

قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدىم. ئىمام زۆھرىينىڭ بۈيۈك ھەدىس ئىمامى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئۇنى ئىشەنچلىك ئالىم دەپ قارايدىغانلىقىنى دېگەن بولساممۇ، ئۇ ئۆز پىكرىدىن يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن گولدزىھېرنىڭ ئىمام زۆھرىي ھەققىدە دېگەن گەپلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ تەلىپىمنى رەت قىلماي، ئۆز قولى بىلەن يازغان ئىككى بەتلىك تەرجىمىنى بەردى.

شۇنىڭ بىلەن مەن شەرقشۇناس گولدزىھېرنىڭ ئىمام زۆھرىي توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىمام زۆھرىينىڭ ھاياتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى قارار قىلدىم. پۈتۈن كۈتۈپخانىلارنى قېزىشقا كىرىشىپ، ئەزھەر كۈتۈپخانىسىدىكى ۋە دارۇل كۈتۈبىل مىسرىيە كۈتۈپخانىسىدىكى تەرجىمىھاللارغا ئالاقىدار قوليازما ئەسەرلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي كۆزدىن كەچۈردۈم ۋە ئىمام زۆھرىيگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى توپلىدىم. ھەر كۈنى دەرس تۈگىگەندىن كېيىن فاكۇلتېتتىن ئايرىلىپ، يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدىم. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلدىم. ئىمام زۆھرىيگە ئالاقىدار ھەقىقىي ساغلام مەلۇماتلارنى توپلاپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىمىز دوكتور ئابدۇلقادىرنىڭ يېنىغا بېرىپ: «تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە گولدزىھېرنىڭ ئىمام زۆھرىيگە ئالاقىدار قەدىمكى مەلۇماتلارنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئاشكارا بولدى» دېدىم. ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن: «بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى شەرقشۇناسلار بولۇپمۇ گولدزىھېر ئىنسابلىق ئالىملاردىن بىرى. ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ» دېدى.

مەن شۇ چاغدا قەدىمكى ئابىدىن سارىيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان «ھىدايەتۇل ئىسلامىييە» جەمئىيىتىدە مۇشۇ تېما ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەشنى قارار قىلدىم. جەمئىيەت ئىدارىسى ئەزھەر ئۆلىمالىرىغا ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا تەكلىپنامە ئەۋەتتى. لېكسىيە كۈنى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلدى. لېكسىيەگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئۇستازىمىز دوكتور ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىرمۇ ئىشتىراكچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن لېكسىيەگە قارىتا پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ئۇستازىمىز سورۇنغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە گولدزىھېرنىڭ ئىمام زۆھرىي ھەققىدە يازغانلىرىنى چۆرىدىگەن بۇ لېكسىيەنى باشتىن – ئاخىر ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى.

مەن: «مانا بۇ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئىمام زۆھرىي ھەققىدىكى قاراشلىرى... مانا بۇ مېنىڭ چۈشەنگەنلىرىم. ئەگەر ئۇستازىمىز دوكتور ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىر مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا قايىل بولماي، بۇ تېما ھەققىدە مۇنازىرە قىلماقچى بولسا، قېنى مەرھەمەت، سۆزلەپ بەرگەيسىز» دەپ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇردۇم. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن قاتناشقۇچىلار ئاڭلىيالايدىغان ئاۋازدا: «مەن ھازىرغا قەدەر زۆھرىينىڭ كىملىكىنى تولۇق بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە باشقىچە پىكرىم يوق» دېدى. ئاندىن لېكسىيە ئاخىرلىشىپ، كىشىلەر بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. بىز بىرقانچەيلەن جەمئىيەتنىڭ رەئىسى خېزىر ھۇسەيىننىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. كېيىن ئۇ ئەزھەردىكى «ئۇستازۇلئەكبەر» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇستازىمىز ماڭا سەييىد خېزىر ھۇسەيىننىڭ يېنىدا مۇنۇلارنى ئېيتتى: «سىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىڭىز شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرى ھەققىدىكى يېڭى بىر ئۇتۇق ھېسابلىنىدۇ. لېكسىيە تېكىستىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ماڭا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز. مەن ئۇنى گېرمانىيەدىكى شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلىدىغان ئىلمىي ژۇرناللارغا ئەۋەتىمەن. بۇ تەتقىقاتنىڭ شەرقشۇناسلار ئىچىدە پارتلاتقۇچ تەسىر پەيدا قىلىشىغا ئىشىنىمەن». مەن بۇ سۆزلەرنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا بەرگەن ئىلھامى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز ئۇستاز بىلەن يازلىق تەتىلدە گولدزىھېرنىڭ كىتابىنى

ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، زۆرۈر تېپىلغان جايلارغا تەنقىد يېزىشنى قارار قىلىشتۇق. لېكىن، مەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشىدا قاھىرەدىكى ئەنگلىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قاھىرەدىن يەتتە يىل ئايرىلىپ قالدىم. بۇ جەرياندا دوكتور ئابدۇلقادىر ئۆزىنىڭ «نەزرەتۇن ئاممە فى تارىيخىل فىقھىل ئىسلامىي» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. مەن بۇ كىتاب نەشر قىلىنىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە كۆردۈم.

دوكتور ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىر بىلەن بولغان ھېكايىمىز مۇشۇلاردىن ئىبارەت. مېنىڭچە، ئۇ شەرقشۇناسلار ھەققىدىكى بۇرۇنقى قارىشىدىن يانغان، بولۇپمۇ گولدزىھېرنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكى، ھەقىقەت ئالدىدا بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقى، تېكىستلەرنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى قارىشىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن.

شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدىغانلار بولغاندەك، ئۇلارغا قاتتىق قارشى تۇرىدىغانلارمۇ بار. ئەھمەد فارس شەدياقنىڭ «زەيلۇل فەرياق» ناملىق كىتابىدىكى تۆۋەندىكى سۆزى ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ پوزىتسىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ:

«بۇ شەرقشۇناس پىروفېسسورلار ئىلىمنى ئۆز ئەھلىدىن ئۆگەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى پەقەت ئىلىم ساھەسىگە ئۇسسۇپلا كىرىپ، مەيداندا سەكرەپ يۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇلار بىرەر دىنىي ساھەدە ئوقۇش پۈتتۈردى دېگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت پوپلۇقتا ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. ئاندىن كەلسە - كەلمەس پىكىر قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى قىلچە خەۋەرسىز نەرسىلەرنىمۇ بىلىدىغاندەك ئويلىۋالىدۇ. بىر ياكى ئىككى شەرق تىلىنى چالا - پۇلا ئۆگىنىۋېلىپلا، شۇ تىللاردىكى بەزى نەرسىلەرنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ. قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلار مەزكۇر تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەر ئۈستىدە قارىسىغا گەپ قىلىدۇ، ئېنىق بىلەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆزلىرى

خالىغان نەرسىلەر بىلەن ئەپلەپ – سەپلەپ كېتىۋېرىدۇ، گۇمان بىلەن جەزمىيەت ئارىسىدىكى نەرسىلەردە ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىغا ئاساسەن، خىلمۇخىل پەرەز ۋە تەخمىنلەرنى قىلىدۇ. نەتىجىدە، كۈچلۈك قاراشنى قويۇپ، ئاجىز قاراشنى ئالىدۇ؛ ئەۋزەل قاراشنى قويۇپ، ئەۋزەل بولمىغان قاراشنى تاللايدۇ».

ئەمما، شەرقشۇناسلارنى قارىغۇلارچە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش ياكى ئەيىبلەپ كەمسىتىش شەرقشۇناسلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلىرى خاتىرىلەنگەن تارىخىي پاكىتلارغا زىت ئىشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىمىز بىزنى دۈشمىنىمىزگىمۇ ئادىل بولۇشقا بۇيرۇيدۇ: **(بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغىمۇ) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر)**[3].

3 مائىدە سۈرىسى، 8 – ئايەت.

# شەرقشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

شەرق ئەللىرىنىڭ (تىل - يېزىقى، تارىخى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ھەم كۇلتۇر مىراسلىرىنى) تەتقىق قىلىشقا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن تۇنجى غەربلىكنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئىشنىڭ قاچان باشلانغانلىقى نامەلۇم. ئەمما، غەربلىك بەزى راھىبلارنىڭ ئىسپانىيەنىڭ شانلىق دەۋرلىرىدە مۇشۇ يەرگە كېلىپ مەدرىسەلەردە ئوقۇغانلىقى، قۇرئان كەرىم ۋە بەزى ئەرەبچە كىتابلارنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلغانلىقى، پەلسەپە، تېبابەت ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئالىملارغا شاگىرت بولغانلىقى تارىخىي ھەقىقەتتۇر.

بۇ راھىبلارنىڭ پېشقەدەملىرى مىلادىيە 999 - يىلى ئىسپانىيە ئىنستىتۇتلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن رىم چېركاۋىنىڭ پوپلىقىغا تەيىنلەنگەن فىرانسىيەلىك راھىب «جەربەرت»، ئېپىسكوپ پىررەلە ئانەرەرە (1092−1156) ۋە جىبىراردىي كەرىيمونىدۇر (1114−1187).

مەزكۇر راھىبلار مەملىكەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن ئەرەب كۇلتۇرىنى تارقىتىپ، داڭلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئارقىمۇئارقا نەشر قىلىشقا باشلىدى. كېيىن ئەرەبچە تەتقىقاتلار ئۈچۈن ئەرەبچە «بادەۋى» مەدرىسەسىگە ئوخشاش ئىنستىتۇتلار قۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇناستىرلاردا ۋە ئەرەبچە ئۆگىتىلىدىغان مەدرىسەلەردە ئەينى زاماندا پۈتۈن

ياۋروپا ئەللىرىدە «ئىلىم تىلى» دەپ تونۇلغان لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىنغان مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ كىتابلىرى ئوقۇتۇلۇشقا باشلىدى. تەخمىنەن ئالتە ئەسىر مابەينىدە ياۋروپادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار مۇسۇلمانلارنىڭ كىتابلىرىنى تەتقىقاتلىرىنىڭ ئانا مەنبەسى قىلدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ غەربتە ئىسلام ۋە ئەرەب تىلىنى تەتقىق قىلىدىغانلار بىلەن قۇرئان كەرىمنى، ئەرەبچە ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىدىغانلار ئۈزۈلۈپ قالمىدى. بۇ ئىش غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى مۇستەملىكە قىلىپ، بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىشقا باشلىغان 18 - ئەسىرگىچە داۋاملاشتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى بىرقانچە ئالىمنىڭ «شەرقشۇناس» ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن غەرب ئەللىرىدە ژۇرناللار نەشر قىلغانلىقى مەلۇم.

ئۇلار ئىسلام ئەللىرىدىكى ئەرەبچە نادىر قوليازما ئەسەرلەرگە كۆز تىكىپ، ئەسەرلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان كىشىلەردىن ئەرزان باھادا سېتىۋالدى ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان چوڭ كىتابخانىلاردىن ئوغرىلىدى. ئۇلار قولىيازما ئەسەرلەرنى (ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ) ئۆز مەملىكەتلىرىگە ياكى شەخسىي كۇتۇپخانىلىرىغا يۆتكەپ ئەكېلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە نادىر قولىيازما ئەسەرلەر ياۋروپا كىتابخانىلىرىغا يۆتكەلدى. مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپاغا يۆتكەلگەن قوليازما ئەسەرلەرنىڭ سانى 250 مىڭ پارچىگە يەتكەن. بۇ نادىر ئەسەرلەرنىڭ سانى كۈنىمىزدە كۈنسايىن ئاشماقتا.

شەرقشۇناسلارنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 1873 - يىلى پارىژدا ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى، دىنلىرى، مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈرلىرى مۇنازىرە قىلىنىدىغان قۇرۇلتايلار ئارقىمۇئارقا ئېچىلىشقا باشلىدى. بۇنداق قۇرۇلتايلار ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا.

## شەرقشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەلىرى

شەرقشۇناسلىق ھەرىكەتلىرى دەسلەپتە ئەرەب تىلى ۋە ئىسلامنى تەتقىق قىلىش بىلەن باشلانغان. بىز تۆۋەندە دەپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىزدەك، غەربلىكلەرنىڭ شەرق ئەللىرىنى تەتقىق قىلىشىنى تېزلەشتۈرگەن بىر قاتار سىياسىي ۋە دىنىي ئامىللار بار بولۇپ، ئۇلار ھازىرغا قەدەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن تېمىلار ئىسلام، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى قاتارلىقلاردۇر. غەربنىڭ شەرق ئەللىرىگە قاراتقان جاھانگىرلىكىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ شەرقشۇناسلار پۈتۈن شەرق ئەللىرىنىڭ دىن، ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە، ئەنئەنە ۋە ئەڭ مەشھۇر تىل شېۋىلىرى قاتارلىق ساھەلەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن.

HAKSEVER

## شەرقشۇناسلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرى

### 1. دىنىي سەۋەب

غەربلىكلەرنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا كىرىشىشىگە تۈرتكە بولغان بىرىنچى ئامىل دىن بولۇپ، بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقشۇناسلىق دەسلەپتە خىرىستىيان راھىبلار بىلەن باشلىنىپ، ھازىرغا قەدەر شۇنداق داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەزكۇر خىرىستىيان راھىبلار ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن تېمىلاردىن بىرى ئىسلامنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈش، گۈزەللىكلىرىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ سەت كۆرسىتىش، ھەقىقەتلىرىنى بۇرمىلاش ئىدى. (ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب)، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي رەھبەرلىرىگە مۇتلەق بويسۇنىدىغان خىرىستىيان خەلققە ئىسلامنىڭ تارقىلىشقا لايىق دىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋايى، قوپال، ئوغرى، قان تۆكۈشكە خۇمار ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ماددىي ھۇزۇر - ھالاۋەتلەرگىلا قىزىقتۇرۇپ، ئالىي روھ ۋە ئېسىل ئەخلاقتىن مەھرۇم قويىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىدى. چۈنكى، (شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتلىرى دەسلەپ باشلانغان) چاغلاردا، ئىسلام دىنى غەربلىكلەرنىڭ قارىشىدا خىرىستىيانلىقنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى ئىدى.

ئۇلار دەۋرىمىزدىكى يېڭى مەدەنىيەتنىڭ غەربلىكلەرنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىنى تەۋرىتىپ، ئۆتمۈشتىكى دىن ئەربابلىرىدىن ئۆگەنگەن پۈتۈن تەلىماتلاردىن گۇمانلاندۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ دىققىتىنى خىرىستىيان ئەقىدىسىدىن ۋە مۇقەددەس كىتابلاردىن باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئىسلامغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش دەپ قاراشتى.

يەنە كېلىپ، ئۇلار غەربلىكلەردە تۇنجى ئىسلام پەتىھلىرىدىن، ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرىدىن، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوسمانىيلارنىڭ ياۋروپادىكى پەتىھلىرىدىن، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىشىدىن خەۋپسىرەش ۋە مۇسۇلمانلاردىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى بارلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، بۇ روھىي ھالەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تېخىمۇ ئاكتىپ ھالدا ئىسلام تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ يەردە (يەنە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى)، ئۇلار خىرىستىيان دىن ئەربابلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدا خىرىستىيانلاشتۇرۇش نىشانىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىسلام ئەقىدىسىگە ئاستىرتىن خاتا قاراشلارنى سىڭدۇرۇپ، ئىسلام ئىلىملىرىدە، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيىتىدە، ئىسلام ئەدەبىياتىدا، قىسقىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن مەنىۋى مىراسلىرىدا گۇمان پەيدا قىلىش ئۈچۈن خىرىستىيان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشنى نىشان قىلغان.

## 2. جاھانگىرلىك

قارىماققا دىنىي، ماھىيەتتە جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ھېسابلىنىدىغان ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى ئەھلىسەلىپلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقاندا، غەربلىكلەر ئەرەب ۋە ئىسلام

ئەللىرىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىش نىيىتىدىن زىنھار يانمىدى. ئۇلار (غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن) بىر تەرەپتىن مەزكۇر ئەللەرنىڭ ئىنىرگىيە مەنبەلىرىنى تىپىپ ئاجىزلاشتۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش مەقسىتىدە، ئىشغال قىلماقچى بولغان ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى، ئەنئەنە ۋە ئادەتلىرىنى، قىممەت قاراشلىرىنى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلار ئىسلام ئەللىرىنى ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مۇستەملىكە قىلغاندىن كېيىن، شەرقشۇناسلىقنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغان ئامىللاردىن بىرى بىز مۇسۇلمانلاردىكى قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى بەربات قىلىش، قولىمىزدىكى مەنىۋى مىراسلىرىمىزدىن گۇمانلاندۇرۇپ، ئەقىدىمىز ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممەتلىرىمىزدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئىدىيەنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، قورقۇنچاقلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىشتۇر. چۈنكى، بۇ ئىشلار ئەمەلىيلەشكەندە، بىز ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ، غەربنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىمىزنى ئاتىمىز، ئەخلاقىي قىممەت قاراشلارنى ھەتتا ئەقىدە ئاساسلىرىنى غەربتىن قوبۇل قىلىمىز - دە، يىقىلىپ چۈشكەن يېرىمىزدىن دەس تۇرۇپ قەددىمىزنى رۇسلىيالماي، تا ئەبەد غەربنىڭ كۇلتۇر ۋە مەدەنىيىتىگە بېقىندى بولۇشىمىزدىن ئىبارەت ئۇلارنىڭ رەزىل مەقسىتى ئىشقا ئاشىدۇ.

ئۇلار ئەرەب ئەللىرىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىزلىرى ئۆچۈپ كەتكەن، ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ تىلى، ئەقىدىسى ۋە دۆلەتلىرى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ئىسلامنى پۈتۈن دۇنياغا يېيىپ، باشقا خەلقلەر بىلەن ئىنسانىي، تارىخىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە قويۇق مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىپ، كۆنسايىن كۈچىيىپ، يۈكسىلىش نەتىجىسىدە تامامەن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن تارىخىي مىللەتچىلىكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قانداق جانلاندۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇلار يېرىم ئەسىردىن بېرى مىسىردا

پىرئەۋنچىلىكنى؛ سۇرىيە، لىۋان ۋە پەلەستىنىدە فىنىك مەدەنىيىتىنى؛ ئىراقتا ئاشۇر مەدەنىيىتىنى قايتىدىن قانداق بازارغا سېلىۋاتىدۇ؟

ئۇلارنىڭ (كۆمۈلۈپ كەتكەن تارىخىي مىللەتچىلىكنى يېڭىدىن قېزىپ چىقىشتىكى غەرىزى) ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشى، مەملىكەتلىرى، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىغا بولغان مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت كارۋانلىرىنى يېڭىدىن يېتەكلەپ مېڭىشى، دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن ئەقىدە بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئورتاق تارىخ ۋە ئورتاق مەدەنىيەت ئاساسىدا بىرلىشىپ قېلىشىنى قەتئىي شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرماسلىقتۇر.

### 3. ئىقتىسادىي سەۋەب

شەرقشۇناسلىق ھەرىكەتلىرىنى جانلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغان ھالقىلىق ئامىللارنىڭ يەنە بىرى غەربتە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئىسلام ئەللىرىدىكى خام ماتېرىياللارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش ۋە ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدە گۈللىنىپ، تەرەققىي قىلغان يەرلىك كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى توختىتىپ، ۋەيران قىلىش مەقسىتىدە ئىسلام ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدا سودا - سانائەت ئالاقىسى ئورنىتىشتۇر.

### 4. سىياسىي سەۋەب

نۇرغۇن ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، شەرقشۇناسلىقنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئاشكارا بولۇشقا باشلىغان مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى كونسۇلخانىلىرىدا

ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغان سېكرېتار ياكى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار بار بولۇپ، (ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى) شۇ دۆلەتلەردىكى مۇتەپەككۇرلار، ئاخباراتچىلار ۋە سىياسەتچىلەر بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىش، ئۇلارغا ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈشتۇر.

ئۆتمۈشتە بۇنداق مۇناسىۋەتلەر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر بىلەن تۈگەللىنەتتى. ئەينى ۋاقىتتا غەربنىڭ باش ئەلچىلىرى چىرايلىقچە ياراشتۇرۇش ۋە ياردەم بېرىش باھانىسى بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ (ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ)، ئۇلارنى ئۆزئارا دۈشمەن قىلىپ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن باشقا ئىسلام ئەللىرى ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن ئىشپىيونلۇق قىلاتتى. ئۇلار ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدە مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان بىر قىسىم خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي قىزىقىشلىرىنى بىلىپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى بايقاپ، خەلق ئىچىدىكى غەربلىكلەرنىڭ سىياسىي مەنپەئەتلىرىگە ۋە جاھانگىرلىكىگە خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان تەرەپلەرنى ئېنىقلاپ چىقاتتى.

### 5. ئىلمىي سەۋەب

ئاز بىر قىسىم شەرقشۇناسلار شەرق ئەللىرىنىڭ پەقەت تىل، دىن، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئارزۇسى بىلەنلا شەرقشۇناسلىققا كىرىشكەن. بۇنداق شەرقشۇناسلار ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى چۈشىنىشتە باشقىلارغا قارىغاندا خاتالىقلارنى ئازراق سادىر قىلغان. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئىسلامغا بوھتان چاپلاپ، بۇرمىلاش غەرەزلىرى بولمىغاچقا، باشقا كۆپ سانلىق شەرقشۇناسلارغا قارىغاندا بۇلارنىڭ تەتقىقات مېتودى بىر قەدەر ساغلاملىراق ۋە توغرىغا يېقىنراق ئىدى. ھەتتا، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلارمۇ بار.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنى (ھېچقانداق تەرەپ تۇتماي) ئامانەتدارلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن قىلىدىغانلار پەقەت ئىقتىسادىي كىرىمى يېتەرلىك بولغانلاردۇر. چۈنكى، شەرقشۇناسلارنىڭ ھېچبىر غەرەزسىز ھالدا، ئوبيېكتىپلىقنى ئاساس قىلغان تەتقىقاتى پوپلارغا، سىياسەتچىلەرگە ۋە تەتقىقاتچىلارغا ياقمايدۇ ھەمدە بۇنداق تەتقىقاتلار ئاپتورلىرىغا ھېچقانداق ماددىي پايدا ياكى ئىقتىسادىي قىممەت ياراتمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ تىپتىكى شەرقشۇناسلار غەربلىك شەرقشۇناسلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆيەر

## شەرقشۇناسلىقنىڭ نىشانلىرى

پۈتۈن شەرقشۇناسلارنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئومۇمىي نىشانلىرىنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

**بىرىنچى: گۇمانلىق ئىلمىي نىشان**

(بۇ نىشان تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر):

**1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئىسلامنىڭ ئىلاھىي مەنبەسى بولغان ۋەھيىنىڭ چىنلىقىدا گۇمان پەيدا قىلىش:**

شەرقشۇناسلارنىڭ كۆپ سانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيي نازىل قىلىنغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار ساھابىلەردىن بولۇپمۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش شەكىللىرى توغرۇلۇق رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر ھەققىدە كەلسە - كەلمەس گەپلەرنى قىلىدۇ.

ھەتتا شەرقشۇناسلار ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي نازىل بولغان چاغدىكى روھىي ھالىتىنى «غالجىرلىق كېسىلى» دېگەنلەرمۇ بار. بەزىلىرى ۋەھيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېھنىنى چىرمىۋالغان قالايمىقان خىيال دېسە، يەنە بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي نازىل بولغان چاغدىكى روھىي ھالىتىنى «روھىي كېسەللىك» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. گويا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن

ئىلگىرى ھېچبىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ باقمىغاندەك، شەرقشۇناسلارغا ۋەھىينىڭ نازىل بولۇش شەكىللىرىنى چۈشەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن.

شەرقشۇناسلار يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بولغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت تەۋراتتا ئىسمىلىرى زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، مەزكۇر پەيغەمبەرلەر تارىختىكى ئورنى، تەسىرى ۋە دەۋەت ئاساسلىرى جەھەتتە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھتىن تۆۋەن ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ، كۆپلىگەن راھىبلار، پوپلار ۋە خىرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى رادىكال دىنىي مۇتەئەسسىپلىككە تولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى زورمۇزور ئىنكار قىلىدۇ.

(شەرقشۇناسلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھىي نازىل قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلغاندەك)، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان بىرى ھەرگىز ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ياشىغان جاھىلىيەت مۇشرىكلىرىدەك، بۇ مەلۇماتلارنى مەلۇم كىشىلەردىن ئالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئىنتايىن خاتا قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە «قۇرئان كەرىم»دىكى پەقەت مۇشۇ ئەسىردىلا بايقالغان بەزى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېرەكلىكىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، يۇقىرىقى قاراشلاردىنمۇ غەلىتە ۋە خاتا پوزىتسىيەلەردە بولىدۇ.

## 2. ئىسلامنىڭ ساماۋى دىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش

شەرقشۇناسلار دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلاھىي كىتاب

ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئارقىدىنلا ئىسلامنىڭ ساماۋى دىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان دىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي پاكىتى يوق. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شەرقشۇناسلارنىڭ بۇ قاراشلىرى ئىسلام دىنى بىلەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنىدىكى قىسمەن ئوخشاشلىقلارغا تايانغان قۇرۇق سەپسەتىلەردۇر، خالاس.

ئىسلام دىنىنىڭ يەھۇدىي دىنىدىن شاخلاپ چىققانلىقىنى ۋە بۇ دىننىڭ ئىسلام دىنىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئەڭ كۆپ دەۋا قىلىدىغانلار گولدزىھېر ۋە شاختقا ئوخشاش يەھۇدىي شەرقشۇناسلار ئىكەنلىكى مەلۇم. خىرىستىيان شەرقشۇناسلار بۇ مەسىلىدە يەھۇدىيلارغا ئەگىشىدۇ. چۈنكى، خىرىستىيان دىنىدا ئىسلامغا تەسىر كۆرسەتكەن دېيىشكە بولىدىغان بىرەر ھۆكۈم يوق. خىرىستىيان دىنى پەقەت دىنىي ئەخلاقلاردىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. بۇ نۇقتىدىن خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىن ئىسلام دىنىغا قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن نۇقتىلارنىڭ پەقەت دىنىي ئەخلاق ئىكەنلىكىنىلا ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خۇددى ساماۋى دىنلارنىڭ ئەخلاق ئاساسلىرى بىر - بىرىگە چوقۇم زىت بولىدىغاندەك، بىر دىننى ۋەھىي قىلغان ئاللاھ باشقا دىنىنى ۋەھىي قىلغان ئاللاھتىن باشقىدەك ئۆزئارا باغلاشمايدىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن تامامەن پاكتۇر، ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

## 3. تارىخ مابەينىدە ئىسلام ئالىملىرى تايانغان ھەدىسلەردىن گۇمانلاندۇرۇش

شەرقشۇناسلار ھەدىسلەرگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئويدۇرما سۆزلەرنى باھانە قىلىپ تەتقىقاتچى ئۆلىمالار تارىختىن بېرى تايىنىپ كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكىدىن گۇمانلاندۇرۇشقا

ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئالىملىرىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىشى ئۈچۈن ئەڭ ئىنچىكە قائىدە - پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا سەرپ قىلغان زور تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرمەسكە سالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىنىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ سەھىھلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن (مۇسۇلمانلارنىڭ تەكشۈرۈش مېتودلىرى ۋە قائىدىلىرىدىن) ئوندىن بىرىمۇ يوق.

شەرقشۇناسلارنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى قاراشلىرىنى «ئەسسۇننە ۋەمەكانەتۇھا فىتتەشرىئىل ئىسلامي» ناملىق كىتابىمدا ئىلمىي شەكىلدە تەنقىد قىلغان ئىدىم. (شۇڭا، بۇ يەردە بەك ئۇزۇن توختىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمەن).

شەرقشۇناسلارنىڭ ھەدىس ھەققىدە گۇمان پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئويدۇرما ھەدىسلەرنى ۋاستە قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ (دىني تېمىلارنى كونكرېت چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن) ئاساسلانغان ھەدىسلەردە ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان قانۇن ۋە پىكىر بايلىقى بارلىقىنى كۆرگەنلىكىدىندۇر. ئۇلار (بۇنىڭ بىلەنلا قالماي) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان بىرىنىڭ بۇنداق بۈيۈك بىر مەدەنىيەت بايلىقىغا ئاساس سېلىشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي، ھەدىسلەرنى تۆنجى ئۈچ ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئويدۇرمىلىرى دەپ دەۋا قىلىدۇ.

شەرقشۇناسلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈنىنىڭ سىرى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن خىياللىرى ۋە خاتا قاراشلىرىنىڭ مەنبەسى دەل مۇشۇ تۈگۈندۇر.

### 4. ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ ئوبرازىنى يەرگە ئۇرۇش

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، شەرقشۇناسلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى قوبۇل

قىلمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلار تارىخنىڭ ھېچبىر دەۋرىدە مىسلى تېپىلمايدىغان ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ نەقەدەر بۈيۈك بىر قانۇن سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپلا (نومۇس قىلماستىن)، بۇ بۈيۈك فىقھشۇناسلىقنىڭ رىم قانۇنشۇناسلىقىدىن يەنى غەربلىكلەردىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇ. تەتقىقاتچى ئىسلام ئالىملىرى بۇ خىل قاراشنىڭ ئاساسسىز، پاكىتى يوق، خاتا قاراش ئىكەنلىكىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ لاھايدا ئېچىلغان خەلقئارالىق «سېلىشتۇرما قانۇنشۇناسلىق» قۇرۇلتىيىدا ئىسلام فىقھشۇناسلىقى باشقا قانۇنلاردىن قوبۇل قىلىنغان بولماستىن، مۇستەقىل بىر قانۇن سىستېمىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بېكىتىلدى. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا تەرەپباز شەرقشۇناسلارنى مات قىلىشقا، پەقەت ھەقنى تېپىشنىلا كۆزلەيدىغان، ئىنساپلىق ئالىملارنى قانائەتلەندۈرۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

## 5. ئەرەب تىلىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتقا ماسلىشالايدىغانلىقىدا گۇمان پەيدا قىلىش

شەرقشۇناسلارنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتقا ماسلىشالايدىغانلىقىدا گۇمان پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنى غەرب ئەدەبىياتىغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ كۈچى ۋە ئارتۇقچىلىقىنىڭ ئەرەبلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ غەرب ئەدەبىياتىغا موھتاجلىقىنى ئىسپاتلاش، ئەرەب ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ مەنىۋىيەتكە باي ئەدەبىيات ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندۇرۇش، ئىسلام ئەدەبىياتىنى نامرات ۋە يوقسۇل ئەدەبىيات قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. شەرقشۇناسلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتىگە ياندىشقان ئەدەبىيات ئىشغالىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي نىشانلار پۈتۈن

شەرقشۇناسلارنىڭ ياكى كۆپىنچىسىنىڭ تەتقىقاتلىرىدىكى ئاساسىي نىشانىدۇر.

## ئىككىنچى: دىنىي ۋە سىياسىي نىشانلار

شەرقشۇناسلارنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي نىشانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

### 1. مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرىگە، «قۇرئان»نىغا ۋە شەرىئەت قانۇنىغا ئىشەنچىنى تەۋرىتىش

مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرىگە، «قۇرئان»نىغا، شەرىئەت قانۇنىغا بولغان كۈچلۈك ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ، مەزكۇر مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىنى زەھەرلەشتۇر. بۇنىڭدىن دىنىي ھەم جاھانگىرلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك غەرەز كۆزدە تۇتۇلغان.

### 2. مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈش

شەرقشۇناسلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ رىم مەدەنىيىتىدىن يۆتكەلگەن مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلار رىم مەدەنىيىتىنىڭ پەلسەپىسىنى ۋە كۈلتۈر ئەسەرلىرىنى نەقىل قىلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىغانلارمىش، ئۇلار ھېچبىر يېڭى پىكىر سىستېمىسى ئوتتۇرىغا قويمىغانمىش، ھېچبىر يېڭى مەدەنىيەت يوللىرىنى ئاچمىغانمىش، ئىسلام مەدەنىيىتى باشتىن - ئاخىر ئەيىب - نۇقسانلار بىلەن تولغان بىر مەدەنىيەتمىش.

بۇلاردىن سىرت، شەرقشۇناسلار بەزىدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلسە، ئۆزلىرىنى زورلاپ، بەك تەستە سۆزلەيدۇ ھەمدە نۇرغۇن ئەيىب - نۇقسانلارنى قوشىدۇ.

### 3. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز كۈلتۈرلىرىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاجىزلىتىش

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز كۈلتۈرلىرىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاجىزلىتىش، ئۇلارنى پۈتۈن ئىنسانلىق قەدىر - قىممەتلىرىگە، ئەقىدە ئاساسلىرىغا ۋە پىرىنسىپلىرىغا گۇمانلىق نەزەردە قارايدىغان قىلىشتۇر. شەرقشۇناسلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزى جاھانگىرلارنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشىنى قولايلاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا غەرب مەدەنىيىتى ۋە كۈلتۈرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتۇر. چۈنكى، بۇ غەرەزلىك نىشان ئەمەلگە ئاشقاندا، مۇسۇلمانلار غەرب مەدەنىيىتىگە ئەسىر بولىدۇ؛ شۇ مەدەنىيەتكە ئاشىق بولۇپ، غەربلىكلەرنىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ غەربكە قارشى تۇرۇش روھىمۇ بارغانسېرى زەئىپلىشىپ، يوقىلىدۇ.

### 4. مۇسۇلمانلاردىكى ئىسلامىي قېرىنداشلىق روھىنى زەئىپلىتىش

شەرقشۇناسلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىك دەۋالىرىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەرقايسى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىسلامىي قېرىنداشلىق روھىنى ئاجىزلىتىپ، مۇسۇلمان خەلقلەر ئارىسىدا پۈتمەس - تۈگىمەس ئىختىلاپ ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ، جاھىلىيەت ئىرقچىلىقىنى يېڭىدىن بازارغا سالىدۇ. ئۇلار يىللاردىن بېرى ئەينى تاكتىكىنى ئەرەب دۆلەتلىرىدە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ئەرەب ئەللىرىنىڭ بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىشقا، تارىختىكى خۇسۇسىي ۋەقەلەرنى ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، سۈنئى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. چۈنكى، بۇ قارا نىيەت ئەمەلگە ئاشقاندا ئۇلارنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىشىشى، ئەرەب خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ھەقىقەتنى چۈشىنىشىنى توسۇش غەرەزلىرىگە خىزمەت قىلىدىغان

كىشىلەرنى ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىقىرىپ، يېڭى بىر تارىخ سەھىپىسى ئاچالايدۇ.

**ئۈچىنچى: ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشلا كۆزدە تۇتۇلغان ئىلمىي نىشانلار**

(شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئىچىدە) ئىسلام كۇلتۇرىنى پەقەت ئىلمىي شەكىلدە تەتقىق قىلىش ۋە كۆمۈلۈپ قالغان بەزى ھەقىقەتلەرنى ئاشكارىلاشنىلا نىشان قىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلارمۇ بار.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقشۇناسلار ئىچىدە مۇشۇ نىشان بىلەن تەتقىق قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. بۇ تىپتىكى شەرقشۇناسلار تەتقىقاتلىرىدا ۋە ئىزدىنىشلىرىدە ھەرقانچە سەممىي ھەم ئاق كۆڭۈل بولسىمۇ، يا ئەرەب تىلىنىڭ ئىنچىكە تىل ئۇسلۇبلىرىنى بىلمىگەنلىكىدىن، يا تەتقىقات تېمىسى قىلغان تارىخىي ۋەقەلەردىكى ئىسلامىي مۇھىتنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىدىن بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، رىئاللىقتا ماس كەلمەيدىغان خۇلاسىلەرنى چىقىرىشتىن خالىي بولالمىغان. مەلۇمكى، ئۇلار تەتقىق قىلماقچى بولغان تارىخىي مۇھىت بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرۇۋاتقان تەبىئەت، پسىخولوگىيە ۋە زامان پەرقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئىسلامىي مۇھىتنى ئۆز جەمئىيەتلىرىدىكى مۇھىتقا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ تىپتىكى شەرقشۇناسلار يۇقىرىدىكى ئۈچ گۇرۇپپا شەرقشۇناسلار ئىچىدە نىشانى ئەڭ ساغلام، خەتىرى ئەڭ ئاز بولغانلىرىدۇر. بۇلار ھەقنى تونۇپ يەتكەن ھامان (خاتا پىكىرلىرىدىن يېنىپ) ھەقىقەتكە قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەتقىق قىلماقچى بولغان مۇھىتنا قەلبى ۋە پىكرى بىلەن ياشاپ، ھەقىقەتكە ۋە رىئاللىققا ئۇيغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلارمۇ بار. بىراق، ئۇلار يۇقىرىدىكى ئىككى خىل نىشاندىكى شەرقشۇناسلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا تۇرىدۇ؛ ئۇلارغا ئىلمىي مېتودتىن چەتنىدى، ھېسسىياتنىڭ

كەينىگە كىردى، مۇسۇلمانلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇندى، دېگەندەك بوھتانلارنى چاپلايدۇ. مەسىلەن، ئۇلار شەرقشۇناس «توماس ئارنولد»قىمۇ شۇنداق بوھتانلارنى چاپلىغان. دەرۋەقە، بۇ كىشى «ئىسلامغا چاقىرىش» ناملىق قىممەتلىك كىتابىدا مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھەققانىي سۆزلەرنى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە ئۇلارغا ھەر دەۋردە ئەپۇچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى دەلىل - پاكىتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ كىتاب ئىسلامدىكى ئەپۇچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئەڭ ساغلام ۋە ئىشەنچلىك مەنبە دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، مۇتەئەسسىپ شەرقشۇناسلار بولۇپمۇ خىرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرى ئاپتورنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان مايىللىقىنى ۋە كۆچلۈك سۆيگۈسىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ مەزكۇر كىتابىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. ۋاھالەنكى، ئاپتور مەزكۇر كىتابىدا ھېچبىر ۋەقەلىكنىڭ مەنبەسىنى ئالماستىن نەقىل قىلمىغان.

بۇ تىپتىكى شەرقشۇناسلار ئىچىدە پەقەت ھەقىقەتنى تېپىش نىيىتى بىلەنلا ئىلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولۇپ، غەربلىكلەر ئارىسىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن، جەزائىردا ياشىغان فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس «دەنىئەر» شۇلاردىن بىرىدۇر. «دەنىئەر» تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان ھەمدە ئۆزىنى «ناسىرۇددىن دەنىئەر» دەپ ئاتىغان. ئۇ جەزائىرلىق بىر ئالىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر «ئىسلام نۇرىنىڭ ئۆزگىچە شولىلىرى» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىققان. ئاپتور بۇ كىتابىدا فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە قىلغان ھۇجۇملىرىنى بايان قىلغان.

بۇ مۇسۇلمان شەرقشۇناس فىرانسىيەدە ۋاپات بولۇپ،

جەسـىـتى جەزائىرغـا يۆتكـەپ ئېلىـپ كېلىنىـپ، شـۇ يـەردە دەپنە قىلىنغـان.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## شەرقشۇناسلارنىڭ نىشانغا يېتىش ۋاستىلىرى

شەرقشۇناسلار ئىسلامغا دائىر تەتقىقات ۋە قاراشلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاستىلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئىسلام ۋە ئۇنىڭ يۈنىلىشلىرىگە، پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە دائىر خىلمۇخىل تېمىلاردا كىتاب يېزىش. ئۇلار بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىسلامىي مەنبەلەردىن نەقىل قىلغان مەزمۇنلارنى قەستەن بۇرمىلايدۇ ھەتتا تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، ئاندىن يەكۈن چىقىرماي، ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە، مەقسەتلىك خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ.

2. ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدىغان مەخسۇس ژۇرناللارنى چىقىرىش.

3. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دوختۇرخانا، ياردەم جەمئىيەتلىرى، مەكتەپ، مۇھاجىرلار لاگېرى ۋە دارىلئېتام قاتارلىق ئورۇنلارغا ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قىلىدىغان خىرىستىيان تەشۋىقات ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىش. خىرىستىيان ياشلار جەمئىيىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم جەمئىيەتلەر بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

4. ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەردە لېكسىيە سۆزلەش. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇكى، ئىسلامنىڭ ئەڭ

خەتەرلىك ۋە ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شەرقشۇناسلار قاھىرە، دەمەشىق، باغداد، رابات، كاراچى، لاھور، ئەلىگەر ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىسلام توغرۇلۇق لېكسىيە سۆزلەشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

5. يەرلىك ئاخباراتلاردا ماقالە ئېلان قىلىش. (مىلىك ئەپسۇسكى)، شەرقشۇناسلار ئىسلام ئەللىرىدىكى بىرقانچە يەرلىك ئاخباراتلارنى سېتىۋالغان. دوكتور ئۆمەر فەررۇخ ۋە دوكتور مۇستافا خالىدىي شەرقشۇناسلارنىڭ ۋە خىرىستىيان تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ جاھانگىرلىك پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئاكتىپ شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا مۇھىم تارىخىي پاكىت بولۇشقا يارايدىغان «ئەتنەبشىير ۋەلئىستىئمار (خىرىستىيانلاشتۇرۇش ۋە جاھانگىرلىك)»[4] ناملىق ئەسىرىدە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«خىرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرى خىرىستىيانلىقنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن بەكرەك مىسىر ئاخبارات ساھەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلدى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ مىسىر مەتبۇئاتلىرىدا نەشر قىلىنىپ، كۆپىنچە ھەقلىق، بەزىدە ھەقسىز تارقىتىلغان نۇرغۇن ماقالىلىرى بار».

6. كۆرۈنۈشتە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ماھىيەتتە رەزىل پىلانلىرىنى تېخىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن قۇرۇلتايلار ئېچىش. بۇنداق قۇرۇلتايلار 1783 - يىلدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

7. «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنى نەشر قىلىش. شەرقشۇناسلار بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنى بىرقانچە تىلدا نەشر قىلىپ، كىتابنىڭ يېڭى نەشرلىرىنى بېسىپ چىقىرىشنى ئاللىبۇرۇن باشلاپ بولغان. كەمىنە 1956 - يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت

4 بۇ ئەسەرنى تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇشى كېرەك. بۇ كىتاب بېيرۇتتا ئىككى قېتىم بېسىلغان بولۇپ، يىللار ئىلگىرى جاھانگىرلارنىڭ بەزى شاركىلىرى بۇ كىتابنىڭ سۇرىيەدە سېتىلىشىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان.

قىلغان چېغىمدا، مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئىككىنچى نەشرىنىڭ ئاۋۋالقى توملىرىنى ئېنسىكلوپېدىيە سېكرېتارىنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرگەن ئىدىم. ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ بىرىنچى نەشرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە 13 توم نەشردىن چىقىپ بولدى.

بۇ ئېنسىكلوپېدىيەگە ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان شەرقشۇناسلارنىڭ پېشۋالىرىنىڭ ئىمزالىرى قويۇلغان بولۇپ، مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيە ئىسلامغا زىت، باتىل قاراشلارغا تولغان، «زەھەر يالىتىلغان شېكەر»دەك ئازغۇن پىكىرلەر كىرگۈزۈۋېتىلگەن كىتابتۇر. ئىشىنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئۇقۇمۇشلۇقلار ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىردىنبىر مەنبە ئەسەر بولۇپ قالغانلىقىدۇر. بۇ ئەھۋالنى ھەتتا ئاشۇ ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزنىڭمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنى ياخشى بىلمىگەنلىكىدىن ۋە ئىسلام ئىلىملىرىدە يېتەرلىك مەلۇماتى بولمىغانلىقىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، نىشانلىرى ۋە غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللانغان ۋاسىتىلىرى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ماۋزۇلاردا ھازىرقى زامان شەرقشۇناسلاردىن ئەڭ خەتەرلىك بولغانلىرىنى، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنى، جاھانگىر دۆلەتلەردە نەشر قىلغان ئەڭ مۇھىم ژۇرناللىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ئوقۇرمەنلەرگە پايدىلىق دەپ قارىدۇق[5].

5 شەرقشۇناسلارنىڭ نەشر قىلغان ژۇرناللىرى، داڭلىق شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىسىملىرى دوكتور مۇھەممەد بەھىينىڭ «خىرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرى، شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام توغرىسىدىكى مەيدانى» ناملىق لېكسىيەسىدىن ئېلىندى.

## شەرقشۇناسلار نەشر قىلغان ژۇرناللار

1. 1787 - يىلى فىرانسىيەلىكلەر بىر شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇپ، 1820 - يىلى پارىژدا «Societe Asiatique (ئاسىيا جەمئىيىتى)» نامىلىق يەنە بىر جەمئىيەت قۇرغان. كېيىن ئۇلار «journal Asiatique (ئاسىيا ژۇرنىلى)»نى نەشر قىلغان.

2. 1823 - يىلى لوندوندا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن «Royal Asiatic Society (ئەنگلىيە خان جەمەتى ئاسىيا جەمئىيىتى)» نامىلىق بىر جەمئىيەت قۇرۇلغان ھەمدە ئەنگلىيە خان جەمەتى مەركىزى جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالغان. كېيىن ئۇلار «Journal of the Royal Asiatic Society (ئەنگلىيە خان جەمەتى ئاسىيا جەمئىيىتى ژۇرنىلى)»نى نەشر قىلغان.

3. 1842 - يىلى ئامېرىكىلىقلار «American Oriental Society (ئامېرىكا شەرق تەتقىقات جەمئىيىتى)»نى قۇرۇپ، «Journal of the American Oriental Society (ئامېرىكا شەرق تەتقىقات جەمئىيىتى ژۇرنىلى)»نى نەشر قىلغان. يەنە شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شەرقشۇناسلارمۇ خىلمۇخىل ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا كىرىشكەن.

4. دەۋرىمىزدىكى ئامېرىكىلىق شەرقشۇناسلار نەشر قىلغان ژۇرناللاردىن بىرى « Journal of the Oriental Society (شەرق جەمئىيىتى ژۇرنىلى)» بولۇپ، بۇ ژۇرنال «Ohio»

ۋىلايىتىدىكى «Gambier (جامبىيەر)» شەھىرىدە نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ لوندون، پارىژ، لېيپزىگ ۋە تورونتو قاتارلىق شەھەرلەردە تارماقلىرى مەۋجۇت، ئەمما ھازىر نەشر قىلىنىپ - قىلىنمايدىغانلىقى نامەلۇم. بۇ ژۇرناللار بەزىدە دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە بولۇپمۇ دىنىي كىتابلارنىڭ تۈزۈلۈش قۇرۇلمىلىرى توغرۇلۇق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ئاساسلىق يۆنىلىشى سىياسىي شەرقشۇناسلىققا مەركەزلەشكەن.

5. ئامېرىكىلىق شەرقشۇناسلار دەۋرىمىزدە «Middle Eastern Affairs (ئوتتۇرا شەرق مەسىلىلىرى ژۇرنىلى)» ناملىق ئىككى خىل ژۇرنال چىقارغان. بۇ ژۇرناللارنىڭمۇ ئاساسىي يۆنىلىشى سىياسىي شەرقشۇناسلىق يولىنى ياقىلايدۇ.

6. ئامېرىكىلىق شەرقشۇناسلار دەۋرىمىزدە نەشر قىلىۋاتقان ئەڭ خەتەرلىك ژۇرنال 1911 - يىلى سامۇئېل زۋۇەيمىر چىقارغان «The Muslim World (ئىسلام دۇنياسى)» ناملىق ژۇرنالدۇر. بۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى «K. Gragg (كەنىس گۈرەگ)» ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ژۇرنال ھازىرغىچە ئامېرىكىنىڭ «HartFord (ھارتفېرد)» شەھىرىدە نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى ئوچۇق - ئاشكارا خىرىستىيانلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەركەزلەشكەن.

7. فىرانسىيەلىك شەرقشۇناسلارنىڭمۇ خىرىستىيانلاشتۇرۇش ۋە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا يۇقىرىدىكى «The Muslim World (ئىسلام دۇنياسى)» ناملىق ژۇرنالغا ئوخشايدىغان ژۇرناللىرى مەۋجۇت. بۇلارنىڭمۇ «Le Monde Musulman (ئىسلام دۇنياسى)» ناملىق بىر ژۇرنىلى بولۇپ، يۇقىرىقى ژۇرنالغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

# دەۋرىمىزدىكى ئەڭ خەتەرلىك شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى

1. John Arberry «جون ئاربېرى» (1905–1969) ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ئەنگلىيەلىك شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئەنگلىيە «Gambridge (كامبىرىج)» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋە «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىدىن بىرىدۇر. ئەپسۇسكى، ئۇ ئەنگلىيەدە ئىسلام ۋە تىل تەتقىقاتلىرى ساھەسىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن نۇرغۇن مىسىرلىق ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈپ، ئۇستاز بولغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن:

1). «بۈگۈنكى ئىسلام»: بۇ كىتاب 1943 - يىلى نەشر قىلىنغان.

2). Introduction to the Hitory of Sufism» (تەسەۋۋۇپ تارىخىدىن ئاساس)»: بۇ كىتاب 1947 - يىلى نەشر قىلىنغان.

3). «(تەسەۋۋۇپ) Sufisme»: بۇ كىتاب 1950 - يىلى نەشر قىلىنغان.

4). «(قۇرئان تەرجىمىسى) The koran Interpreted»: بۇ تەرجىمە 1950 - يىلى نەشر قىلىنغان.

2. Alfred Guillaume «ئالفرد گىيولم» (1888–1965) ئىسلامغا ئەشەددىي دۈشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان

ئەنگلىيەلىك شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرس ئۆتكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن يازمىلىرىدا ۋە قاراشلىرىدا خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئىدىيەسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ «ئىسلام» ناملىق بىر كىتابى بار. مىسىر ھۆكۈمىتى شەرق تىللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن چەتئەللەرگە ئەۋەتكەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن دەرس ئېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەنلىكى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر.

3. Baron Carra de Vaux «بارون كاررا دي ۋوكس» (1867–1953) ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق زەھەرخەندىلىك قىلغان فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇ «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ بەزى ماددىلىرىنى تەھرىرلەشكە قاتناشقان.

4. GIBB, Hamilton Alexander Roskeen «جىب، ھامىلتون ئالېكساندېر روسكېن» (1895–1971) دەۋرىمىزدىكى ئەنگلىيەلىك شەرقشۇناسلارنىڭ پېشۋالىرىدىن بولۇپ، مىسىردىكى تىل ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى. ھازىرمۇ ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام ۋە ئەرەب تىلى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنى نەشر قىلغان باش مۇھەررىرلەردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئىسلامىي تېمىلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان نۇرغۇن خەتەرلىك كىتابلىرى بار. ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ خەتەرلىك بولۇشىدىكى سەۋەب كىتابلاردا ئىسلامىي تېمىلار تەگ - تېگىدىن تەتقىق قىلىنىپ، ئىسلامنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇلغانلىقىدۇر.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن:

1) «(ئىسلام) Mohammedanisme»: ئاپتور بۇ كىتابنى باشقا شەرقشۇناسلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان. كېيىنچە بۇ كىتاب «تەرىيقۇل ئىسلام (ئىسلام يولى)» دېگەن ئىسىم بىلەن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

2). «(ئىسلامدىكى زامانىۋى يۆنىلىشلەر) Modern Trends in Islam»: بۇ كىتاب 1947 - يىلى نەشر قىلىنىپ، بىرقانچە قېتىم بېسىلغان. كېيىنچە بۇ كىتاب «ئەلئىتتىجاهاتۇل هەدىيسە فىل ئىسلام (ئىسلامدىكى زامانىۋى يۆنىلىشلەر)» دېگەن ئىسىم بىلەن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

3). «(مۇھەممەدىنىڭ يولى) Mohammedanisme»: بۇ كىتاب 1947 - يىلى نەشر قىلىنىپ، بىرقانچە قېتىم بېسىپ تارقىتىلغان.

4). «(ئىسلام جەمئىيىتى ۋە غەرب) Islamic Society and The West»: بۇ كىتاب بىرقانچە جىلد هالەتتە نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىغا باشقا شەرقشۇناسلارمۇ هەمكارلاشقان.

جىب، هامىلتون ئالېكساندېرنىڭ يەنە باشقا تېمىلاردا يازغان ماقالىلىرىمۇ بار.

5. Ignas Goldziher «گولدزىهېر» (1850–1921) ئىسلام دۈشمەنلىكى ۋە ئىسلام توغرۇلۇق خەتەرلىك يازمىلىرى بىلەن تونۇلغان ۋېنگرىيەلىك يەھۇدىي شەرقشۇناس بولۇپ، «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىدىن بىرى، «قۇرئان كەرىم» ۋە «هەدىس» توغرۇلۇق بىر قىسىم كىتابلارنىمۇ يازغان شەخستۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن: «Die Richtuhgen der Islamichen Koranauslegung (قۇرئان كەرىم تەفسىرىدىكى ئىسلامىي مەزھەپلەر)» ناملىق كىتابى بار. كېيىنچە، بۇ كىتاب «مەزاهىبۇت تەفسىرىل ئىسلامىي (ئىسلامىيەتتىكى تەفسىر مەزھەپلىرى)» دېگەن ئىسىم بىلەن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

6. John Maynard «جون ماينارد» (1850–1921) ئىسلام دۈشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ئامېرىكىلىق شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇ «Journal of the American Oriental Society (ئامېرىكا

شەرق جەمئىيىتى ژۇرنىلى)»نى تەھرىرلەشكە قاتنىشىپ، بولۇپمۇ ئىسلام ۋە شەرق تېمىلىرىغا دائىر يېڭى كىتابلارغا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان.

7. Zweimer, Samuel Marinus «سامۇئېل مارىنۇس زۋېيمېر» (1867–1952) ئىسلامغا ئەشەددىي دۈشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان خرىستىيان شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇ «The Muslim World (ئىسلام دۇنياسى)» ژۇرنىلىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە 1908 - يىلى نەشر قىلىنغان «Islam a Challenge to Faith (ئەقىدىگە جەڭ ئېلان قىلغان ئىسلام)» ناملىق كىتابنىڭ يازغۇچىسىدۇر. ئۇ يەنە 1911 - يىلى ھىندىستاننىڭ لۇكنوۋ شەھىرىدە ئېچىلغان ئىككىنچى قېتىملىق خرىستىيانلار قۇرۇلتىيىدا سۇنغان ماقالىلىرىنى توپلام قىلىپ، «ئىسلام» ناملىق بىر كىتاب نەشر قىلدۇرغان. ئامېرىكىلىقلار زۋېيمېرنىڭ خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە تەقدىرلەپ، ئۇنىڭ ئىسمىدا «خرىستىيان ئىلاھىيەت تەتقىقاتى ۋە خرىستىيان دەۋەتچى يېتىشتۈرۈش ۋەخپى»نى قۇرغان.

8. Atiya, Aziz Suryal «ئەتىيە ئەزىز سۇريال» (1898–1988) مىسىرلىق خرىستىيان شەرقشۇناس بولۇپ، ئىلگىرى ئىسكەندەرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بىرىدە دەرس ئۆتۈپ كەلمەكتە. ئۇ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ئاداۋەتخور، ئىسلامغا دائىر مەلۇماتلارنى بۇرمىلاشقا قالتىس ماھىر بىرىدۇر. ئۇنىڭ مىسىردىن ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ يىراق ئەللەردە تۇرۇشى، ئىسلامغا دائىر مەلۇماتلارنى بۇرمىلاپ، ئىسلامغا بولغان زەھەرخەندىلىكىنى ئاشكارىلاشتا خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ يەنە ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرىغا دائىر بەزى كىتابلىرى بار.

9. GRUNEBAUM, Gustave Edmund von «گىرونباۋم، گۇستاۋ ئېدموند ۋان» (1909–1972) ئەسلىدە گېرمانىيەلىك يەھۇدىي شەرقشۇناس بولۇپ، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ

بىرىدە دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كېلىپ، شۇ يەردە يەرلىشىپ قالغان ۋە چىكاكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ پۈتۈن يازمىلىرىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شان - شەرەپلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرىدۇر. باشقا شەرقشۇناسلارمۇ ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالاتتى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن:

1) «(ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام) Medieval Islam»: بۇ كىتاب 1946 - يىلى نەشر قىلىنغان.

2) «(ئىسلامنى زامانىۋى چۈشەندۈرۈش) Attmps of Selfinterpretation in Contemporary »: بۇ كىتاب 1947 - يىلى نەشر قىلىنغان.

3) «(مۇھەممەدنىڭ بايراملىرى) Mohammedan Festivals »: بۇ كىتاب 1954 - يىلى نەشر قىلىنغان.

4) «(ئىسلامنىڭ كۇلتۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقاتلار) Islam-kunde und Kulturwissenchaft»: بۇ كىتاب 1954 - يىلى نەشر قىلىنغان.

5) «ئىسلام»: بۇ كىتاب ھەر خىل ماقالىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان.

6) «(ئىسلام مەدەنىيىتىدە بىرلىك ۋە كۆپ خىللىق) Unity and Variety in Muslim Civilization»: بۇ كىتاب 1955 - يىلى نەشر قىلىنغان.

10. Philip Hitti «فىلىپ ھىتتى» (1886–1978) ئامېرىكا پۇقراسى بولغان لىۋانلىق خىرىستىيان شەرقشۇناس بولۇپ، دەسلەپتە ئامېرىكىدىكى «Princeton (پىرىنستىن)» ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرق ئەللىرى كۇلتۇرى ۋە مەدەنىيەتلىرى تەتقىقات بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىن شۇ بۆلۈمنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆسكەن. ھازىر دەم ئېلىشتا. فىلىپ

ھىتتى ئامېرىكىدا ئەرەب مەسىلىلىرىنى مۇداپىئە قىلىش تونىغا ئورىنىۋالغان ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى ۋە ئوتتۇرا شەرق مەسىلىلىرىدە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە مەسلىھەتچىسىدۇر.

ئۇ ھەمىشە ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەت كۇلتۇرى قۇرۇلۇشىدىكى ئالاھىدە رولىنى كەمسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىر ئەۋزەللىكىنى تىلغا ئېلىشنى قەتئىي خالىمايدۇ. مەسىلەن، ئۇ 1948 - يىلى «Encyclopedia American (ئامېرىكا ئېنسىكلوپېدىيەسى)»دىكى «ئەرەب ئەدەبىياتى» ماددىسىدا مۇنۇلارنى يازغان: «يېڭى ئەدەبىي ھايات 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا زوھۇر قىلىشقا باشلىغان. دەرۋەقە، بۇ يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرى ئامېرىكىلىق خىرىستىيانلارنىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان لىۋانلىق خىرىستىيانلاردۇر».

فىلىپ ھىتتى ھازىرقى زامان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شان - شەرىپىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپلا قالماي، ئىسلام تارىخىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت - شەرىپىنى يەرگە ئۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ بۇنداق قارا نىيىتى تۆۋەندىكى كىتابلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن:

1) «The History of Arabs (ئەرەب تارىخى)»: بۇ كىتاب ئىنگلىزچە نەشر قىلىنىپ، بىرقانچە قېتىم بېسىلغان. باشتىن - ئاخىر ئىسلامغا داغ تەگكۈزۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش بىلەن تولغان.

2) (سۈرىيە تارىخى) «The History of syria».

3) «(دېرۇزىلار ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ مەنبەلىرى) The Origins of The Druze People and Religion»: بۇ كىتاب 1928 - يىلى نەشر قىلىنغان.

11. WENSINCK, Arent Jan «ۋەنسىنك ئارەنت جان» (1881–1939) ئىسلامنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىلگىرى مىسىردىكى تىل ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: «پەيغەمبەر ‹قۇرئان كەرىم›نى ئىلگىرىكى دىنىي ۋە پەلسەپۋى كىتابلاردىكى مەلۇماتلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى سۈزۈپ، يېزىپ چىققان» دېگەندەك باتىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن شەرقشۇناستۇر. 1936 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئىسلام ۋە شەرقشۇناسلار» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور ھۈسەين ھەۋۋارىي ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ ئەزالىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ «The Mulim Creed (ئىسلام ئەقىدىسى)» ناملىق بىر كىتابى بارلىقىمۇ مەلۇم.

12. CRAGG, Albert Kenneth «كىراج ئالبېرت كېنېس» (1913–2012) ئىسلامغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغان ئامېرىكىلىق خىرىستىيان شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇ بىر مەزگىل قاھىرەدىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر ئامېرىكىلىق خىرىستىيانلار چىقىرىۋاتقان «The Muslim World (ئىسلام دۇنياسى ژۇرنىلى)»نىڭ باش مۇھەررىرى، ھارتفېرد ئۇنىۋېرسىتېتى خىرىستىيان ئىلاھىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە خىرىستىيان دەۋەتچىلەرنىڭ يېتەكچىسىدۇر. ئۇنىڭ «The Cell of the Minaret (ئەزان مۇنارى دەۋىتى)» ناملىق كىتابى 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان.

13. Louis Massignon «لۇيىس ماسسىنون» (1883–1962) دەۋرىمىزدىكى فىرانسىيەلىك شەرقشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى، شىمالىي ئافرىقا مەسىلىلىرىدە فىرانسىيە جاھانگىر مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مىسىردىكى فىرانسىيە خىرىستىيان جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى داھىيسىدۇر. لۇيىس ماسسىنون ئىسلام دۇنياسىنى بىرنەچچە قېتىم زىيارەت قىلغان، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فىرانسىيە ئارمىيەسىدە بەش يىل ئىشلىگەن، مىسىر تىل ئاكادېمىيەسى ۋە دەمەشقتىكى ئەرەب پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئەزا بولغان، ئىسلام تەسەۋۋۇپى

ۋە پەلسەپە ساھەسىدە مۇتەخەسسىسلەشكەن. ئۇنىڭ « La Passion d’al-Hosayn-ibn-Mansour al-Hallaj: Martyr Mystique de l’Islam (ئىسلامدىكى سوپى شېھىت ئىبنى مەنسۇر ھەللاجى)» ناملىق ئەسىرى 1922 - يىلى نەشىر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە پەلسەپە ۋە تەسەۋۋۇپ ساھەسىدە بىرقانچە ئەسىرى بار. ئۇ «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىدىن بىرىدۇر.

14. MACDONALD, Duncan Black «مەكدانېلد دانكېن بلاك» (1863–1943) ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئاداۋەتخور ئامېرىكىلىق شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ يازمىلىرىغا خىرىستىيانلاشتۇرۇش روھى چوڭقۇر سىڭگەن. ئۇ «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى قاتارىدا ئورۇن ئالغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن:

1) «(ئىسلامدىكى كالام، فىقھ ئىلىملىرى ۋە قانۇن نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتى) Development of Muslim Theology, Jurisprdence and Constituonal Theory»: بۇ كىتاب 1903 - يىلى نەشىر قىلىنغان.

2) «(ئىسلامدىكى دىنىي مەيدان ۋە ھايات) The Religious Attitude and Life in Islam»: بۇ كىتاب 1908 - يىلى نەشىر قىلىنغان.

15. Mecid Kadduri «مەجىد قەدۇرىي» (1909–2007) ۋاشىنگتون «john hsodgen (جون ھادجىن)» ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋاشىنگتوندىكى ئوتتۇرا شەرق تەلىم - تەربىيە ۋە تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئىراقلىق، خىرىستىيان شەرقشۇناستۇر. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە بۇرمىلاشلىرى بىلەن

تولغان كىتابلىرىدىن بىرى 1955 - يىلى نەشر قىلىنغان «War and Peace in the Law of Islam (ئىسلامدا تىنچلىق ۋە ئۇرۇش)» ناملىق كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە باشقا ماقالىلىرىمۇ بار.

16. MARGOLIOUTH, David Samuel «مارجىلىيوس دەيۋىد ساموۋېل» (1858–1940) «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ مۇھەررىرلىرىدىن بىرى، مىسىر تىل ئاكادېمىيەسى ۋە دەمەشقتىكى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى، ئىسلامغا قاتتىق ئۆچ، ئەنگلىيەلىك شەرقشۇناستۇر.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن:

1) «(ئىسلامدىكى تۇنجى تەرەققىياتلار) The Early Development of Mohammedaism»: بۇ كىتاب 1913 - يىلى نەشر قىلىنغان.

2) «(مۇھەممەد ۋە ئىسلامنىڭ نۇرى) Mohammad and the Rise of Islam»: بۇ كىتاب 1905 - يىلى نەشر قىلىنغان.

3) «ئىسلام جەمئىيىتى»: بۇ كىتاب 1912 - يىلى نەشر قىلىنغان.

17. NICHOLSON, Reynold Alleyne «نىكولسون رېينالد ئەللېن» (1868–1945) دەۋرىمىزدىكى ئەنگلىيەلىك شەرقشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى، «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ مۇھەررىرلىرىدىن بىرى. نىكولسون رېينالد ئەللېن ئىسلام تەسەۋۋۇپى ۋە پەلسەپىدە ئىختىساسلاشقان، مىسىر تىل ئاكادېمىيەسىگە ئەزا بولغان. ئىسلامنىڭ روھقا خىتاب قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ماتېرىيالىزم دىنى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان شەرقشۇناستۇر.

ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن:

1) «The Mistics of Islam (ئىسلامدىكى سوپىلار)»: بۇ كىتاب 1910 - يىلى نەشر قىلىنغان.

2) «Literary History of (ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى) the Arabs»: بۇ كىتاب 1930 - يىلى نەشر قىلىنغان.

18. Henri Lammens «ھېنرى لامېنس» (1862–1937) «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ مۇھەررىرلىرىدىن بىرى بولغان فىرانسىيەلىك شەرقشۇناستۇر. ھېنرى لامېنس ئىسلامغا ئەڭ ئاداۋەتخور كىشى بولۇپ، ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە بوھتان چاپلاشتا چېكىدىن ئېشىپ ھەتتا شەرقشۇناسلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەت ھېس قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇنىڭ فىرانسۇزچە يازغان «ئىسلام» ۋە «تائىف» ناملىق ئىككى كىتابى بار.

19. Joseph Schacht «جوزېف شاخت» (1902–1969) ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغان گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ فىقھ ۋە فىقھ قائىدىلىرى توغرۇلۇق نۇرغۇن كىتابلىرى بار. ئۇ «دائىرەتۇل مەئارىفىل ئىسلامىيە» ناملىق ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق بىلىملىرى ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ يازغۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق ئەسىرى «An Introduction to Islamic Law (ئىسلام فىقھشۇناسلىق ئاساسلىرى)» ناملىق كىتابىدۇر.

## بەزىلەر ئۈچۈن ئىلمىي، ئەمما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ قارالغان بەزى كىتابلار

1. «The Encyclopaedia of Islam(ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى)» بىرقانچە جانلىق تىلدا نەشر قىلىنىپ، هازىرغا قەدەر قايتا - قايتا بېسىلىۋاتىدۇ. يېڭى نەشرىنىڭ بىرقانچە تومى ئېلان قىلىندى.

2. «Shorter Encyclopedia of Islam (ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى قىسقارتىلمىسى)».

3. «Encyclopaedia of Religion and Ethics(دىن ۋە ئەخلاق ئېنسىكلوپېدىيەسى)»، (ئىسلامىي تېمىلارغا ئالاقىدار ماقالىلەر).

4. «Encyclopaedia of Social Sciences (ئىجتىمائىي بىلىملەر ئېنسىكلوپېدىيىسى)»، (ئىسلام ۋە ئەرەبلەر توغرىسىدىكى ماقالىلەر).

5. «A Study of History (تارىخ تەتقىقاتلىرى)»، (ئىسلام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم). ئاپتورى: «A. Toynbee (ئارنولد توينبىي)».

كىتابلار:

1. «W. Muir (ۋىليام مۇير)» نىڭ «The Life of Mohammed from Original Sources (مۇھەممەد (ئەلەيهىسسالام) نىڭ هاياتى)» ناملىق كىتابى.

2. «Alfred Guillaume (ئالفرد گىيولم)»نىڭ «Islam (ئىسلام)» ناملىق كىتابى.

3. «D. M. Donaldson (دونالدسون)»نىڭ «The shi’ite Religion (شىئە دىنى)» ناملىق كىتابى.

4. «Bishop Turpin (بىشوپ تۇرپىن)»نىڭ «تارىخۇ شارىل ئەلكەبىير (بۈيۈك شارىل تارىخى)» ناملىق كىتابى.

5. فىرانسىيەلىك «Henri Lammens (ھېنرى لامېنس)»نىڭ «Islam (ئىسلام)» ناملىق فىرانسۇزچە كىتا بى .

6. خىرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىسى «Zweimer, Samuel Marinus (سامۇئېل مارىنۇس زۋۆيمېر)»نىڭ «Islam a Challenge to Faith (ئەقىدىگە جەڭ ئېلان قىلغان ئىسلام)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

7. «Kenneth CRAGG, Albert (كىراج ئالبېرت كېنېس)»نىڭ «The Cell of the Minaret (ئەزان مۇنارى دەۋىتى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

8. «John Arberry (جون ئاربېرى)»نىڭ «بۈگۈنكى ئىسلام» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

9. «John Arberry (جون ئاربېرى)»نىڭ «The koran Interpreted (قۇرئان تەرجىمىسى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

10. «Ignaz Goldziher (گولدزىھېر)»نىڭ «Die Richtuhgen der Islamichen Koranauslegung (قۇرئان كەرىم تەفسىرىدىكى ئىسلامىي مەزھەپلەر)» ناملىق گېرمانچە كىتابى.

11. «Philip Hitti (فىلىپ ھىتتى)»نىڭ «The History of Arabs (ئەرەب تارىخى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

12. «Abraham Cash (ئابراھام كاش)»نىڭ «ئىسلامدا يەھۇدىيلىك» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

13. «(ۋەنسىنك ئارەنت جان) WENSINCK, Arent Jan»نىڭ «The Mulim Creed (ئىسلام ئەقىدىسى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

14. «(لۇيىس ماسىنون) Louis Massignon»نىڭ «La Passion d'al-Hosayn-ibn-Mansour al-Hallaj: Martyr Mystique de l'Islam (ئىسلامدىكى سوپى شېھىت ئىبنى مەنسۇر ھەللاجى)» ناملىق فىرانسۇزچە كىتابى.

15. «(مەجىد قەدۇرىي) Mecid Kadduri»نىڭ «War and Peace in the Law of Islam (ئىسلامدا تىنچلىق ۋە ئۇرۇش)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

16. «(مەكدانېلد دانكېن بىلاك) MACDONALD, Duncan Black»نىڭ «Development of Muslim Theology, Jurisprdence and Constituonal Theory (ئىسلامدىكى كالام، فىقھە ئىلىملىرى ۋە قانۇن نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

17. «(جىب، ھامىلتون ئالېكساندېر روسكېن) GIBB, Hamilton Alexander Roskeen»نىڭ «Modern Trends in Islam (ئىسلامدىكى زامانىۋى يۈزلىنىشلەر)» ناملىق كىتابى. بۇ كىتاب ئەسلىدە ئىنگلىزچە يېزىلغان بولۇپ، كېيىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

18. «(ئىسلام) Mohammedanisme»: «(جىب، ھامىلتون ئالېكساندېر روسكېن) GIBB, Hamilton Alexander Roskeen» بۇ كىتابنى باشقا شەرقشۇناسلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان. كېيىنچە بۇ كىتاب «تەرىيقۇل ئىسلام (ئىسلام يولى)» دېگەن ئىسىم بىلەن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

19. «(نىكولسون رېينالد ئەللېن) NICHOLSON, Reynold Alleyne»نىڭ «(ئىسلامدا تەسەۋۋۇپ) The Mistics of Islam» ناملىق كىتابى. بۇ كىتاب ئەسلىدە ئىنگلىزچە يېزىلغان بولۇپ، كېيىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

20. «(ئارسىر جېفرىي) Arthur Jeffry»نىڭ «Materials for the History of the Text of Qur'an (قۇرئان تارىخىنىڭ مەنبەلىرى)» ناملىق كىتابى.

21. «(رىچارد. بەل) Richard. Bell»نىڭ «The Origin of Islam in Its Christian Environment (خرىستىيان مۇھىتتىكى ئىسلامنىڭ يىلتىزلىرى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

22. «(رىچارد بەل) Richard. Bell»نىڭ «The Qur'an: Translated with a Critical Rearrangement of the Surahs (قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ تەنقىدىي تەرجىمىسى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

23. «(مارجىلىيوس دەيۋىد سامۇئېل) MARGOLIOUTH, David Samuel»نىڭ «(ئىسلامدىكى تۇنجى تەرەققىياتلار) The Early Development of Mohammedaism» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

24. «(مارجىلىيوس دەيۋىد سامۇئېل) MARGOLIOUTH, David Samuel»نىڭ «(مۇھەممەد ۋە ئىسلامنىڭ نۇرى) Mohammad and the Rise of Islam» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

25. «(مارجىلىيوس دەيۋىد سامۇئېل) MARGOLIOUTH, David Samuel»نىڭ «Islam (ئىسلام)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

26. «(مارجىلىيوس دەيۋىد سامۇئېل) MARGOLIOUTH, David Samuel»نىڭ «The Muslim Society (ئىسلام

HAK
HAKSEVER

جەمئىيىتى)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

27. «(ئېرىك بەسمەن) Eric Bethman»نىڭ «Bridge to Islam (ئىسلامغا كۆۋرۈك)» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

28. «(گىرونباۋم، گۇستاۋ ئېدموند ۋان) GRUNEBAUM, Gustave Edmund von»نىڭ «(ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام) Medieval Islam» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

29. «(گىرونباۋم، گۇستاۋ ئېدموند ۋان) GRUNEBAUM, Gustave Edmund von»نىڭ «ئىسلام» ناملىق كىتابى. بۇ، ئاپتورنىڭ ھەر خىل ماقالىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىنگلىزچە كىتابتۇر.

30. «(گىرونباۋم، گۇستاۋ ئېدموند ۋان) GRUNEBAUM, Gustave Edmund von»نىڭ «(مۇھەممەدنىڭ بايراملىرى) Mohammedan Festivals» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

31. «(گىرونباۋم، گۇستاۋ ئېدموند ۋان) GRUNEBAUM, Gustave Edmund von»نىڭ «(ئىسلام مەدەنىيىتىدە بىرلىك ۋە كۆپ خىللىق) Unity and Variety in Muslim Civilization» ناملىق كىتابى.

32. «(گىرونباۋم، گۇستاۋ ئېدموند ۋان) GRUNEBAUM, Gustave Edmund von»نىڭ «(ئىسلامنىڭ كۇلتۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقاتلار) Islam-kunde und Kulturwissenchaft» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى.

33. «(گىرونباۋم، گۇستاۋ ئېدموند ۋان) GRUNEBAUM, Gustave Edmund von»نىڭ «(ئىسلامنى زامانىۋى چۈشەندۈرۈش) Attmps of Selfinterpretation in Contemporary » ناملىق كىتابى. بۇ، ئاپتورنىڭ ھەر خىل ماقالىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىنگلىزچە كىتابتۇر.

# شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات ئۆلچەملىرى

كۆپىنچە شەرقشۇناسلار ئىسلامىي تېمىلاردىكى تەتقىقاتلىرىدا ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە تامامەن يات بەزى ئۆلچەملەرگە تايىنىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، سەممىي ئالىملار تەتقىق قىلماقچى بولغان تېمىلاردا ھەر تۈرلۈك ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن ۋە شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي ھالدا دەلىل - پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، ئاساسلانغان دەلىل - پاكىتلارنى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ؛ دەلىل - پاكىتلارنى ۋە ئىشەنچلىك مەنبەلەرنى سىلىشتۇرۇپ، ئىنچىكە تەكشۈرگەندىن كېيىن يەكۈن چىقىرىدۇ.

ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمدەك، كۆپىنچە شەرقشۇناسلار ئاۋۋال كاللىسىدا مۇئەييەن بىر ئىدىيە تۈرغۇزۇۋالىدۇ، ئاندىن شۇ ئىدىيەنى توغرىلاش ئۈچۈن دەلىل - پاكىت ئىزدەيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن دەلىللەرنىڭ ساغلام بولۇشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى پەقەت ئېرىشكەن دەلىللەرنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي قاراشلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قوللىنىشتۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار كۆپىنچە جۇزئىي مەسىلىلەردىن كۈللىي قائىدىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىپ، زىددىيەتلىك ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ۋە يامان غەرەزلىرىگە يېڭىلمىسە ئىدى، بۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قالالايتتى.

بىز تۆۋەندە بۇنىڭ بەزى مىساللىرىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمىز:

1. شەرقشۇناس گولدزىھېر پۈتۈن ھەدىسلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ

سۆزى بولماستىن، بەلكى ھىجرەتنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ توقۇپ چىققان سۆزلىرى دېگەن دەۋاسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەرئىي ھۆكۈملەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا كاتتا ئىماملارنىڭمۇ شەرئىي ھۆكۈملەرنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تارىخىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ يەنە بۇ خاتا قارىشىغا ئاساسسىز، ئويدۇرما رىۋايەتلەرنى دەلىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ دەمىيرىنىڭ «ھاياتۇل ھەيەۋانىل كۇبرا» ناملىق كىتابىدىن: «ئەبۇ ھەنىفە (رەھىمەھۇللاھ) بەدر غازىتى بۇرۇن بولغانمۇ ياكى ئۇھۇد غازىتىمۇ، بىلمەيتتى» دېگەن رىۋايىتىنى نەقىل قىلغانلىقى مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

شۈبھىسىزكى، تارىختىن ئازراق خەۋىرى بار ئادەملەر بۇنداق رىۋايەتلەرنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ فىقھىدا ئىسلامنىڭ جەڭ ھۆكۈملىرىنى ئەڭ كۆپ بايان قىلغان ئالىملارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىق تالىبلىرىنىڭ كىتابلىرىدا شۇ تىپتىكى ھۆكۈملەر كونكرېت بايان قىلىنغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئەبۇ ھەنىفەدەك بىر زاتنىڭ جەڭنىڭ فىقھىي ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىشتا ئاساسلانغان رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە غازاتلىرىنى بىلمەسلىكى ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش ئەمەس.

بۇ نۇقتىدا خەلقئارالىق قانۇنشۇناسلىق تېمىسىدا يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم دەپ قارىلىدىغان ھەنەفىي فىقھىسىنىڭ ئىككى مۇھىم كىتابىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىنىڭ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا پايدىسى بار:

بىرىنچىسى، ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ: «ئەررەددۇ ئەلا سىيەرىل ئەۋزائىي» ناملىق كىتابى[6]؛ ئىككىنچىسى، ئىمام مۇھەممەدنىڭ: «ئەسسىيەرۇل كەبىير» ناملىق ئەسىرىدۇر.

6 سىيەر: «سىيرەت» كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، فەقىھ ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرىنى «سىيەر» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاشقان.

ئىمام سەرەخسىي رەھىمەھۇللاھ ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ ئەسىرىنى شەرھلىگەن. بۇ ئەسەر خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تېمىسىدا ئەڭ دەسلەپ يېزىلغان ۋە ئىسلام فىقھىشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان شاھانە ئەسەردۇر. كېيىنچە بۇ ئەسەر «جامىئەتۇددۇۋەلىل ئەرەبىييە»نىڭ نازارىتى ئاستىدا، «مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي خەلقئارا قانۇن كومىتېتى»نىڭ تەلىپى بىلەن نەشر قىلىنغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ ئىلمىنى تارقاتقان شاگىرتلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە تۆت خەلىپىنىڭ دەۋرىدىكى غازاتلارنىڭ تارىخىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلىقى مۇشۇ ئىككى كىتابتىن چىقىپلا تۇرىدۇ.

گولدزىھېردەك بىر ئادەمنىڭ مەزكۇر ئىككى كىتابتىن خەۋىرى بولماي قالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى راستتىنلا بىلىش نىيىتى بولسا ئىدى، دەمىيرىينىڭ «ھاياتۇل ھەيەۋانىل كۇبرا» ناملىق كىتابىدىكى بىر رىۋايەتكىلا ئېسىلىۋالماي، ھەقىقىي ئەھۋالنى باشقا ئەسەرلەردىن ئىزدەپ تاپالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەمىيرىينىڭ ئۆزىمۇ بىر تارىخچى ئەمەس؛ كىتابىمۇ يا فىقھ، يا تارىخ كىتابى ئەمەس.

دەمىيرىي بۇ كىتابىدىكى ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ سەنەدىنىڭ سەھىھ بولۇش - بولماسلىقىغا قارىماي، تېمىغا مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىغان ھېكايە ۋە نادىر رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىنى جەملىگەن.

يەنە كېلىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئۇنىڭ دەۋرداشلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر ئارىسىدا چۈشەنچە ۋە مېتود جەھەتلەردە زور پەرقلەر بارلىقى ھەممىگە ئايان. مەزكۇر پەرقلەر ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنى ماختاش ياكى سۆكۈشكە ئالاقىدار ۋەقە ۋە ئويدۇرما رىۋايەتلەرنى يازغان ھېكايىچىلەر ۋە رىۋايەتچىلەرنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قالغان. دەرۋەقە، بۇنداق ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنى

ياخشى كۆرگۈچىلەر تەرىپىدىن، يا ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان بولغاچقا، ئۆلىمالار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدە قىلچىلىك ئىلمىي قىممىتى يوق.

گولدزىھېر بولسا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ تەرجىمىھالى خاتىرىلەنگەن ساغلام ئىلمىي ئەسەرلەرنى پۈتۈنلەي كۆرمەسكە سېلىپ، «سۈننەت ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسە» دېگەن يامان غەرىزىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن شۇ دەرىجىدە يالغان، ئويدۇرما رىۋايەتكە تايانغانكى، ئۇ رىۋايەتنى (ھېلىغۇ تولغان ئالىملاركەن)، باشلانغۇچ سەۋىيەسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاڭلىسىمۇ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلايدۇ.

2. گولدزىھېرنىڭ ئىسلامىي ئەسەرلەردىن ئۆزىنىڭ دېيىشنى چالدىغان يىپ ئۈچى ئىزدەيدىغانلىقىغا دائىر يەنە بىر مىسال: پۈتۈن ھەدىس راۋىلىرىنى باھالاشنى باش تېما قىلغان كىتابلار ۋە تارىخىي مەنبەلەردە بۈيۈك ھەدىسشۇناس ئالىم ئىمام زۆھرىينىڭ (50 – 124 ھ/670 – 741 م) ھەدىس ئىلمىدە ئىشەنچلىك، ئامانەتدار، تەقۋادار، دىندار زات ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بىردەكلىكنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ھەتتا ئۇنىڭ ئۇمەۋىيلەر ئۈچۈن ھەدىس توقۇپ بەرگەنلىكىنىمۇ دەۋا قىلغان.

ئۇنىڭ گۇمانىچە، ئىمام زۆھرىي «پەقەت ئۈچ مەسچىتكىلا يۈك - تاق تېڭىپ بېرىشقا بولىدۇ...» دېگەن ھەدىسنى ئۇمەۋى خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۈچۈن توقۇپ بەرگەنمىش. گولدزىھېرنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىلى بۇ ھەدىسنى ئىمام زۆھرىينىڭ رىۋايەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن بىر دەۋردە ياشىغانلىقىدۇر. مەن ئۇنىڭ بۇ ئاساسسىز قارىشىنى «ئەسسۈننە ۋە مەكانەتۇھا فىتتەشرىيئىل ئىسلامىي» ناملىق كىتابىمنىڭ 385 - بېتىدە قاتتىق تەنقىد قىلغان ئىدىم.

3. شەرقشۇناسلار بۈيۈك ئىسلام فەتىھلىرىنى قولغا

كەلتۈرگەن ئەرەبلەرنىڭ ئەجەم (ئەرەب بولمىغان) مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەجەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىنى كەمسۈندۈرۈشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس كارل بىروكلىمان «تارىخۇششۇئۇبىل ئىسلامىيە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن:

«ئەرەبلەر رەھبەرلىك قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان چاغلاردا ئەرەب بولمىغانلار رەئىييە (پادا) نىڭ ئورنىدا ئىدى. ‹رەئىييە› كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈكى ‹رەئايا› بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ پۇقرالارنى ‹رەئىييە› دەپ چاقىرىشى سامىيلارنىڭ قەدىمكى بىر تەمسىلىدۇر. ھەتتا، بۇ كەلىمە ئاشۇربىلىقلارنىڭ تىللىرىدىمۇ قوللىنىلىپ كەلگەن».

(بۇنىڭدىن ئاشكارا بولىدۇكى)، مەزكۇر شەرقشۇناس مۇسۇلمانلارنىڭ پەتىھ قىلغان جايلاردىكى پۇقرالارغىمۇ ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئەرەب - ئەجەم دەپ ئايرىماستىن، ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي پاكىتلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «رەئىييە» كەلىمىسىنىڭ بىر مەنىسىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، بۇ كەلىمىدىن ئەرەبلەرنىڭ ئەجەملەرنى بىر توپ پادىنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىنى داۋراڭ سالغان. ناۋادا بىز لۇغەت كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق، «رائىي» كەلىمىسى رەئىس، باشلىق مەنىسىدە؛ «رەئىييە» كەلىمىسىنىڭ مال - چارۋا دېگەن مەنىدىن باشقا، قەۋم، مىللەت، خەلق دېگەندەك مەنىلەردىمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

ھەممىگە ئايانكى، ئىسلام بۇ كەلىمىنى پۇقرالارغا قوللانغاندا، پادىنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن پەقەت ئەجەملەرگىلا ئەمەس، پۈتۈن پۇقرالارغا قوللانغان. يەنە تېخى «رەئىييە» كەلىمىسىنىڭ كارل بىروكلىمان چۈشەنگەن مەنىدە قوللىنىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئىمام بۇخارىي ۋە باشقا ھەدىس ئىماملىرى رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس شۇ جۈملىدىندۇر:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىر پادىچى (يەنى بىر جاۋابكار)، (شۇڭا) ھەممىڭلار پادائىڭلاردىن (مەسئۇلىيىتىڭلاردىن) سوراق قىلىنىسىلەر. پادىشاھمۇ بىر پادىچى (يەنى خەلقىدىن جاۋابكار)، ھەربىر ئادەم ئۆز ئەھلىگە بىر پادىچىدۇر (يەنە جاۋابكاردۇر)، ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا پادىچى (يەنى جاۋابكار)، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن (مەسئۇلىيىتىڭلاردىن) سوراق قىلىنىسىلەر» [بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ھەدىستىكى ‹رائىي› ئۆزىگە ئامانەت قويۇلغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن تىرىشىدىغان، ئىشەنچلىك، تەقۋادار دېگەنىدەك مەنىلەردە بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىپ، مەنپەئەتلىرىنى رىياپىقا چىقىرىشى كېرەك بولغان كىشىدۇر».

ئىمام بۇخارىي ۋە باشقا ھەدىس ئىماملىرى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە «رەئىييە» كەلىمىسى «مۇسۇلمانلار» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمان بىر قەۋمگە باشلىق بولۇپ، ئاندىن قەۋمگە خىيانەتكار ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» [«بۇخارىي»، 7151].

(مۇشۇنچىۋالا ھەقىقەت ئالدىدا)، كارل بىروكلىمان بۇ ھەقىقەتلەرگە قانداقمۇ كۆز يۇمالىغاندۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ فەتھ قىلغان جايلاردىكى ئەجەم مىللەتلىرىنى بىر توپ پادىنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىنى ھەمدە مۇشۇ مەنىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارغا «رەئىييە» كەلىمىسىنى قوللانغانلىقىنى دەۋا قىلىشىنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن قانداقمۇ راۋا كۆرگەندۇ؟

ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويغان دەلىلى پەقەت «رەئىيە» كەلىمىسىنىڭ لۇغەتتە «قوي» مەنىسىدە كەلگەنلىكىدىنلا ئىبارەتتۇر. ھالبۇكى، بۇ كەلىمىنىڭ مەنىلىرى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەممىگە ئايان. يەنە كېلىپ، بۇ كەلىمە پەقەت ئەجەم مىللەتلىرىگىلا خاس قوللىنىلغان دېيىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق، ئۇنىڭغا دائىر ھېچبىر يىپ ئۇچىمۇ يوق. بۇ پەقەت ھاۋايى - ھەۋەس ۋە يامان غەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

4. مارجىلىيوسنىڭ نەقىل قىلىشىچە، شەرقشۇناس مايور مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىنىڭ بالاغىتىگە ۋە راۋان سۆزلىشىشكە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن كىشىلەر سەھرالىق ئەرەبلەر ئىدى. شۇڭا، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇ ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەپ، كامالەتكە يەتكەن بولۇشى مۇمكىن».

مانا بۇلار شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات ئۆلچەملىرىنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، مايور بۇ قارىشىدا رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان گۇمانىي يەكۈنلەرگە تايانغان. ھالبۇكى، ئەرەبلەر بالاغەت ئىلمى ئۆگەنمىگەن. بالاغەت قائىدىلىرىنى بېكىتىدىغان ئۇستازلار، ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرمۇ يوق ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى بالاغەت ئىلمى ئۆگەنمىگەن ئىدى. قولىمىزدا مايورنىڭ قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق. ئەكسىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن، قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن نەسرىي ياكى نەزمىي سۆزلەرنى دېگەنلىكى نەقىل قىلىنمىغان.

شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامىي ئىلىملارنى تەتقىق ۋە تەنقىد قىلىش ئۆلچەملىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇلار تەتقىق قىلغان تارىخىي ۋەقەلەردىن مەلۇم سەۋەب ۋە نەتىجىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا تەرەپبازلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ۋەقەلەردىن چىقارغان سەۋەب ۋە نەتىجىلىرىنىڭ گۇمان ۋە

قۇرۇق گەپتىن باشقا ئاساسى يوق.

ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرى ۋە پوزىتسىيەلىرى باشتىن تارتىپ خاتا بولغاچقا، شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقلىرىنى شەرق ئەللىرىدىكى ئەرەب مۇسۇلمانلارنىڭ كۇلتۇرلىرىگە تامامەن يات، غەربچە خىياللىرى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ؛ ھەر مۇھىتنىڭ ئۆزىگە خاس قەدىر - قىممەت ئۆلچەملىرى، زەۋقلىرى ۋە ئادەتلىرى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

فىرانسىيەلىك مۇسۇلمان شەرقشۇناس ناسىرۇددىن دەنىيەر شۇنچىۋالا ئاددىي ھۆكۈملەردىمۇ زىددىيەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان شەرقشۇناسلارنىڭ مۇھاكىمە ئۇسۇللىرى ۋە ئۆلچەملىرىنى ناھايىتى گۈزەل ئۇسلۇبتا مۇئەييەنلەشتۈرگەن: «شەرقشۇناسلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى ياۋروپانىڭ ئەقلىي مېتودى بويىچە تەھلىل قىلىشقا ئۇرۇنغاچقا، يولدىن ئادىشىپ كەتكەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىسلام تارىخىدىكى ۋەقەلەر باشقا نەرسە، ياۋروپا مەنتىقىسى باشقا نەرسىدۇر. ياۋروپا مەنتىقىسىگە تايىنىپ شەرقتە ياشىغان پەيغەمبەرلەر ھەققىدە توغرا نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىش مۇمكىن بولمايدۇ. شەرقشۇناسلار مۇشۇ خىل ياۋروپاچە ئۇسۇلغا تايىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى تەنقىد قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىردەك قاراشتا بولغان ساپ تارىخىنى يىقىپ تاشلاش ئۈچۈن 75 يىل ئىنچىكە تەتقىق قىلغان.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلار شۇنچىۋالا ئۇزۇن مۇددەت ئىنچىكە تەتقىقاتلارنى قىلغاندىكىن، رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى ساغلام قاراشلارنى ئاجرىغا چىقىرىپ، مەشھۇر رىۋايەتلەرنى ئويدۇرما كۆرسىتەلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار بۇ ھەقتە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلىدىمۇ؟ ياق. ئۇلار كىچىككىنە بولسىمۇ يېڭىلىق ئوتتۇرىغا قويالمىدى. بىز فىرانسىيەلىك،

ئەنگلىيەلىك، گېرمانىيەلىك، بىلگىيەلىك ۋە گوللاندىيەلىك شەرقشۇناسلار ئىلگىرى سۈرگەن يېڭى قاراشلارغا چوڭقۇر نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ پۈتۈن قاراشلىرىنىڭ قالايمىقان، بۇرمىلانغان پاكىتلار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يەنە كېلىپ، ئۆزلىرىچە تەتقىقاتچى بولۇۋالغان مەزكۇر شەرقشۇناسلاردىن بىرى رەت قىلغان قاراشنى يەنە بىرى قوبۇل قىلىدۇ، يەنە بىرى قوبۇل قىلغان قاراشنى باشقا بىرى رەت قىلىدۇ».

ناسىرۇددىن دەنىيەر شەرقشۇناسلارنىڭ زىددىيەتلىك قاراشلىرى ھەققىدىكى سۆزىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

«ناۋادا بىز شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىكى زىددىيەتلىك قاراشلارنى ئىستاتىستىكا قىلىدىغان بولساق، ئىش تېخىمۇ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەقىقەت تاپقىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، يەنىلا ئىسلام ئالىملىرى يازغان تەرجىمىھال ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا چارە يوق. پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ ھاياتىنى ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي شەكىلدە يازماقچى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان شەرقشۇناس يازغۇچىلار مۇھىم بىر مەسىلىدىمۇ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالىغىنى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى يوشۇرۇن ھەقىقەتلەرنى ئاشكارىلاشقا بارلىق تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، «(ۋالتىر سكوت) Walter Scott» ۋە «(ئالېكساندىر دۇماس) Alexander Dumas»نىڭ رومانلىرىدىكى ئاجىز پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەنچىلىكمۇ ئىش قىلالمىدى. چۈنكى، مەزكۇر رومانچىلار ھەممەيلەننى ئۆزىدەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، پۈتۈن كىشىلەرنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى خىيال قىلىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى دەۋر پەرقلىرىدىن باشقا ماكان ۋە ئۆرپ – ئادەت پەرقلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. شەرقشۇناسلار دەسلەپىدىلا تەرجىمىھاللىرىنى يازماقچى بولغان شەرقلىق شەخسلەر بىلەن غەربچە ئىدىيە ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر ھاڭنى قانداق ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان. مۇشۇنداق ئاڭ شەكىللەنمىگۈچە، ئۇلار ھەر ئىنچىكە

نۇقتىنى خاتا چۈشىنىشى ئېنىق»[7].

7 ئۇ، شەكىب ئارسلاننىڭ «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن نەقىل قىلىپ، دادىسى لامېنىس يەسۇئىيغا جاۋابەن يازغان: «سەن بىر جىلغىدا، بىز بىر جىلغىدا» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنىدى. «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»، 33/1 – بەت.

## ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىم

مەن 1956 - يىلى ياۋروپادىكى كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېتلارنى زىيارەت قىلىپ، شەرقشۇناسلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش، پاراڭلىشىش ۋە مۇنازىرىلىشىشتىن بۇرۇن، «سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى» ناملىق ئەسىرىمدە ئۇلار توغرۇلۇق قىسقىچە توختالغان ئىدىم. بۇ زىيارەتلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن، شەرقشۇناسلار ھەققىدە يازغانلىرىمنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ ئىشەنچىم كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ ئىسلام، مۇسۇلمان ۋە ئەرەبلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى سەۋەبىدىن، قانۇنىي ياكى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولسۇن پۈتۈن ئىسلام كۈلتۈرىگە ھەر جەھەتتىن خەتەرلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم.

ياۋروپادا تۇنجى زىيارەت قىلىپ كۆرۈشكەن شەرقشۇناس كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى خىرىستىيان ئىلاھىيەت پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىسلام دۆلەتلىرىدە يولغا قويۇلغان ھەق تەلەپ قانۇنى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى پىروفېسسور ئاندېرسون ئىدى. ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ مىسىردىكى قوماندانلىرىدىن بىرى ئىكەن. ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا قاھىرەدىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئەزھەر ئۆلىمالىرىنىڭ تىل كۇرسىغا ھەپتىدە بىر سائەت قاتنىشىپ، بىر يىل ئوقۇغان ئىكەن. ئاۋام خەلق تىل

شېۋىسىنى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە مىسىر خەلقى بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۆگەنگەنىكەن. مەرھۇم ئەھمەد ئەمىن، دوكتور تاھا ھۇسەين ۋە مەرھۇم شەيخ ئەھمەد ئىبراھىم قاتارلىق ئالىملار سۆزلىگەن لېكسىيەلەردىن پايدىلىنىپ ئىسلام تەتقىقاتىدا ئىختىساسلاشقانىكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەسكىرىي خىزمەتتىن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام دۆلەتلىرىدە يولغا قويۇلغان ھەق تەلەپ قانۇنى تەتقىقات بۆلۇمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنىكەن.

بۇ يەردە پىروفېسسور ئاندېرسوننىڭ ئىسلامغا نەقەدەر ئۆچمەنلىكىگە كۆپ مىسال كەلتۈرگۈم يوق. ئەينى ۋاقىتتىكى لوندون ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى دوكتور ھامۇد گارابە بۇ توغرۇلۇق كۆپ پاراڭ قىلىپ بەرگەن ئىدى. بىراق، مەن ئاندېرسوننىڭ ئۆزى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بىر ۋەقەنى سۆزلەش بىلەنلا كۇپايىلەنمەكچىمەن. بۇ شەرقشۇناس ئەزھەردە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام قانۇن پەنلىرى قىسمىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشمەكچى بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىنىڭ دوكتورلۇق رىسالىسىنى بىكار قىلغان، چۈنكى ئۇ ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقى توغرىسىدىكى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىدە، ئىسلامنىڭ ئاياللارغا بارلىق ھوقۇقنى بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. مەن بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق سورىدىم: «سىز مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ رىسالىسىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىشىگە قانداقمۇ توسقۇنلۇق قىلدىڭىز؟ ھالبۇكى، سىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىڭلاردا پىكىر ئەركىنلىكى بارلىقىنى دەۋا قىلىسىلەر؟».

ئۇ سوئالىمغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «بۇ ئوقۇغۇچى دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيەسىدە ‹ئىسلام ئاياللارغا مۇنداق ھوقۇقلارنى بەرگەن، ئۇنداق ھوقۇقلارنى بېكىتكەن› دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن رىسالىسى بىكار قىلىندى. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسلامغا ۋاكالەتەن ئۇنداق سۆزلەرنى قىلىش

ھوقۇقى بارمۇ؟ ئۇ ئىسلامغا ۋاكالىتەن گەپ قىلىدىغان ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ياكى ئىمام شافىئىيمۇ؟ ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ھوقۇقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئىلگىرىكى ئىسلام فىقھشۇناسلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان. بۇ ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ئىسلامنى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام شافىئىيدىنمۇ بەكرەك ياخشى چۈشىنىدىغانلىقى دەۋا قىلدى (بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ماقالىسىنى لاياقەتسىز دەپ قارىدۇق)».

مانا بۇلار پىروفېسسور ئاندېرسوننىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئۇ كىشى ھازىرمۇ ھايات. ئۇنىڭ ھازىر لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ياكى پېنسىيەگە چىققانلىقىنى بىلمەيمەن.

مەن يەنە شوتلاندىيەدىكى «(ئېدىنبۇرگ Edinburgh» ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدىم. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىسلام تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سالاپەتلىك كىيىنگەن بىر پوپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن دىنىي تەخەللۇسى ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇلغان ئىكەن.

شوتلاندىيەدىكى «(گىلاسگوۋ Glasgow» ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تەتقىقاتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ پوپ ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇ پەلەستىننىڭ قۇدۇستا يىگىرمە يىلغا يېقىن بىر خىرىستىيان دەۋەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. بۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئەرەب تىلىنى يەرلىك خەلققە ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىغان بولغان. مەن بۇ كىشى بىلەن ئىلگىرى 1954 - يىلى لىۋاننىڭ بەخامدونىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام - خىرىستىيان يىغىنىدا كۆرۈشكەن ئىدىم.

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام - ئەرەب تەتقىقاتى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئەرەب تىلىنى ناھايىتى تەستە، دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان بىر يەھۇدىي كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا لىۋىيەدىكى ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگىنىدا ئىشلىگەن بولۇپ، شۇ يەردە ئېغىرچە ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن؛ ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيەگە

قايتىپ كېلىپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەزكۇر بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولغانىكەن. ئۇنىڭ ھەتتا نورمال گېزىتلەردە يېزىلغان ئاددىي جۈملىلەرنى توغرا ئوقۇپ چۈشىنىش سەۋىيەسىمۇ يوق تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتىدىغان دەرس پىروگراممىلىرىنىڭ ئەللامە زەمەخشەرىينىڭ كەششافتىن ئېلىنغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ تەفسىرىنى، بۇخارىي ۋە مۇسلىمدا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ شەرھلىرىنى، ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي فىقھ كىتابلىرىنىڭ بىر قىسىم بابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق. سۆھبىتىمىز ئارىسىدا ئۇنىڭ قايسى مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ گولدزىھېر، مارجىلىيوس ۋە شاخت قاتارلىق شەرقشۇناسلارنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ تىلغا ئالغان مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئوبيېكتىپ قىلغان سۈيىقەستلىك تەتقىقات پائالىيەتلىرىنىڭ ئاتامانلىرى ئىكەنلىكى بۇ ھەيرانلىقنى يېتەرلىك جاۋابتۇر.

كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب - ئىسلام تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى داڭلىق شەرقشۇناس «(جون ئاربېرى) John Arberry» بولۇپ، ئۇ ئەرەب تىلىدىلا ئىختىساسلاشقان كىشى ئىدى. ئۇ پاراڭلىشىش جەريانىدا ماڭا: «بىز شەرقشۇناسلار ئىسلام ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىمىزدا نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، سىلەر يەنى مۇسۇلمان ئەرەبلەر بۇ تەتقىقاتلارغا بىزدىن بەكرەك ماھىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بىز بۇ ساھەلەرگە كىرمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى» دېدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ گەپىنى ياسالمىلىق قىلىپ دەپ قويغانلىقىنى ياكى راست دېگەنلىكىنى بىلمەيمەن.

«(مانچېستېر) Manchester» ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور جامېس روبسون بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ «سۈنەن ئەبى داۋۇد»نى قولىيازما نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ ھەدىس تارىخىغا ئائىت بىرقانچە يازمىلىرى بولۇپ، كۆپىنچە يازمىلىرىدا ئىنسابسىز شەرقشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىغا ماسلاشقان. مەن روبسونغا ئىلگىرىكى شەرقشۇناسلىق

تەتقىقاتلىرىدا ھەقىقەتتىن ئۇزاق بەزى يالغان ئەيىبلەشلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، گولدزىھېرنىڭ بەزى قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي خاتالىقلىرىنى ئىسپاتلىدىم. ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابلىرى ئىچىدە مۇنۇ سۆزلەرمۇ بار ئىدى: «شۈبھىسىزكى، بۇ ئەسىردىكى شەرقشۇناسلار ئىسلامىي مەنبەلەردىن خەۋەردار بولاي دېسە، گولدزىھېردىنمۇ بەكرەك خەۋەردار بولالايدۇ. چۈنكى، ھازىر نەشىر قىلىنغان نۇرغۇن ئىسلامىي ئەسەرلەر گولدزىھېرنىڭ دەۋرىدە يوق ئىدى».

مەن ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، ھازىر سىلەرنىڭ ئىسلام مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىڭلار گولدزىھېر، مارجىلىيوس ۋە باشقا بىر قىسىم شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىنسابلىق ۋە ھەقىقەتكە يېقىنراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدىم. ئۇ: «مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

گوللاندىيە لېيدىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا گېرمانىيەلىك يەھۇدىي شەرقشۇناس «(جوزېف شاخت) Joseph Schacht» بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇ كىشى دەۋرىمىزدە ئىسلامغا قارشى سۇيىقەست پىلانلاش، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش ۋە ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاش قاتارلىقلاردا گولدزىھېرنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كىشىدۇر. مەن ئۇنىڭغا گولدزىھېرنىڭ خاتالىقى ۋە ئىسلامىي مەنبەلەردىن نەقىل كەلتۈرگەن ئىبارىلەرنى قەستەن بۇرمىلىغانلىقى توغرىسىدا ئۇزۇن سۆزلەپ بەردىم. ئۇ دەسلىپىدىلا بۇ گەپلەرنى رەت قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا گولدزىھېرنىڭ سۈننەت تارىخى ھەققىدە يازغانلىرىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈۋېدىم، ھەيران قالدى. بىز ئۇنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا بىللە ئولتۇرغان ئىدۇق. ئۇ گولدزىھېرنىڭ كىتابىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا: «توغرا ئېيتىپسىز، گولدزىھېر بۇ يەردە خاتالىق سادىر قىپتۇ» دېدى. مەن: «ئۇنىڭ بۇ يەردە سادىر قىلغىنى پەقەت بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ بىرئاز ئاچچىقلىنىپ: «نېمىشقا

گولدزىھېر ھەققىدە بۇنداق يامان گۇماندا بولىسىز؟» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ بىلەن گولدزىھېرنىڭ ئىمام زۆھرىينىڭ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ھەققىدىكى مەيدانى توغرىسىدا يۈرگۈزگەن تەھلىللىرىنى تىلغا ئېلىپ، تارىخىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى پاكىتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇ، بۇ ھەقتە ئۇزۇن مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن: «بۇمۇ گولدزىھېرنىڭ بىر خاتالىقى ئىكەن. ئالىملارمۇ خاتالىشىدىغان ئىش بارغۇ؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنۇلارنى دېدىم: «ئىسلام قانۇنى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىدىغان شەرقشۇناسلىق مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى گولدزىھېر نېمىشقا ئىمام زۆھرىي توغرۇلۇق سۆزلىگەندە ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلمايدۇ؟ ئىمام زۆھرىي ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن يەتتە يىل كېيىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن كۆرۈشكەن تۇرسا، گولدزىھېرنىڭ زۆھرىي ئىبنى زۇبەيرگە قارشى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن مەسجىدى ئەقسانىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھەدىس توقۇپ چىققان دەپ ھۆكۈم قىلىشىنى قانداقمۇ توغرا دېگىلى بولسۇن؟».

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شاختىنىڭ چىرايى ئۆچۈپ، تىرنىقىنى كوچىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقلانغانلىقى ۋە گاڭگىراپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن سۆزلىرىمنى مۇنداق تاماملىدىم: «سىز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان بۇ قاراشلار ئالدىنقى ئەسىردە داڭق چىقارغان، شەرقشۇناسلار ئۇلارنى ئىلمىي ھەقىقەت دەپ قاراپ بىر - بىرىدىن نەقىل قىلىشقان قاراشلاردۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئۇ كىتابلارنى ئاپتورلىرى ئۆلگەندىن كېيىنلا ئوقۇيمىز. ئەمدى سىلەرنىڭ خاتالىقلىرىڭلار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئىلمىي ھەقىقەت شەكلىدە بېكىپ قېلىشتىن بۇرۇن ۋە ھايات ۋاقتىڭلاردا خاتالىقىڭلارنى توغرىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، بىزنىڭ مۇلاھىزىلىرىمىزگە قۇلاق سېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

مەلۇم بولغىنىدەك، شاخت ئىلگىرى «پادىشاھ فۇئاد ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ تونۇلغان قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ يەنە ئۇستازى گولدزىھېرنىڭ ئۇسلۇبىدا يازغان، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى تارىخىغا ئائىت تۆھمەت ۋە بۇرمىلاشلارغا تولغان يەنە بىر كىتابىمۇ بار.

شىۋېتسىيە ئىبسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقشۇناس «(نىيبېرگ NYBERG» بىلەن تونۇشتۇم. بىلىشىمچە، ئۇ خېلى بۇرۇنلا قاھىرەدە تەئلىف ۋە تەرجىمە مەركىزى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىبنۇل خەييات نىڭ «الانتصار (ئەلئىنتىسار)» ناملىق ئەسىرىنىڭ نەشرگە تەييارلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرى، ئۇلارنىڭ ئىسلام ۋە ئىسلام تارىخى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۇزۇن سۆھبەتلەر بولدى. شەرقشۇناسلار توغرۇلۇق قىلغان سۆزۈمنىڭ ئاساسلىق تېمىسى گولدزىھېرگە مەركەزلەشتى. مەن ئۇنىڭ خاتالىقلىرىغا ۋە تارىخىي ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلىغانلىقلىرىغا ئائىت مىساللارنى كەلتۈردۈم. ئاخىرىدا ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «گولدزىھېر ئالدىنقى ئەسىردە ئىلمىي جەھەتتە شۆھرەت قازانغان، شەرقشۇناسلارنىڭ ئىلمىي مەنبەسى بولغان بىر شەخس ئىدى. ئەمما، ھازىر ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئىسلامىي ئىلىملەرگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، گولدزىھېر ئالدىنقى ئەسىردىكىدەك ئىلمىي مەنبە دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. بىزنىڭچە بولغاندا، گولدزىھېرنىڭ دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلاندى».

سەپەر جەريانىدا بۇلاردىن باشقا، بېلگىيە، دانىيە، نورۋېگىيە، فىنلاندىيە، گېرمانىيە، شىۋېيتسارىيە، فىرانسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ پايتەختلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەزكۇر جايلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان شەرقشۇناسلار بىلەنمۇ ئۇچراشتىم.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمدىن ۋە بۇ سەپەر جەريانىدا ئۇچراشقان شەرقشۇناسلار ھەققىدە يازغان خاتىرىلىرىمدىن

تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى:

1. ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقشۇناسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يا بىر پوپ، يا بىر جاھانگىر، يا بىر يەھۇدىيدۇر.

2. جاھانگىر دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىسكاندىناۋ دۆلەتلىرىگە ئوخشاش جاھانگىر بولمىغان غەرب دۆلەتلىرىدە شەرقشۇناسلىق بىر قەدەر ئاجىز.

3. جاھانگىر بولمىغان دۆلەتلەردىكى ھازىرقى شەرقشۇناسلار گولدزىھېرگە ئوخشاش ئىسلامغا قارشى ھەددىدىن ئاشقان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قاراشلىرىغا ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ.

4. شەرقشۇناسلىق ئادەتتە چېركاۋدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا، ئۇ جاھانگىر دۆلەتلەردە چېركاۋ ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن يانمۇيان كېزىپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

5. ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئىسلامنى يىقىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نام - شەرىپىنى بۇلغاشنىڭ ۋاسىتىسى بولغان شەرقشۇناسلىقنى بۇرۇنقىدەك داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

مەسىلەن، فىرانسىيەدىكى شەرقشۇناسلارنىڭ پېشۋالىرى دەپ قارالغان «(بىلاچېر) Blachere» ۋە «(ماسسىگون) Massignon» ھېلىھەم فىرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بۆلۈمىدە جاسۇس بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەنگلىيەدىكى لوندون، ئوكسفورد، كامبرىج، ئېدىنبۇرگ، گىلاسگوۋ ۋە باشقا بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلاردا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ تەتقىقاتلار كۆپىنچە يەھۇدىيلار، مۇستەملىكىچى ئىنگلىزلار ۋە مىسسىيونېرلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلار گولدزىھېر، مارجىلىيوس ۋە

شاخت قاتارلىق شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ غەربلىك شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلى ئىلمىي مەنبەسى بولۇشىغا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇلار دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياكى شەرقشۇناسلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى پاش قىلىدىغان دىسسېرتاتسىيەلەرنى تەييارلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسۇلۇددىن فاكۇلتېتى، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ۋە مائارىپ ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتى دوكتور ئەمىن ئەلمىسرىي ماڭا ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىرىدە پەلسەپە پەنلىرىدە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ئۈچۈن ھازىرلىغان ماقالىسىدە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى.

دوكتور ئەمىن ئەلمىسرىي بىرنەچچە يىل ئىلگىرى پەلسەپە پەنلىرى قىسمىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە بارغان. ئۇ بۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرسلىك پروگراممىلىرىنى بولۇپمۇ ئىسلامىي ئىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك دەرس پروگراممىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شەرقشۇناسلارنىڭ بولۇپمۇ شاختنىڭ كىتابلىرىدىكى ئىنسابسىزلىقلارنى ۋە ھىيلە - مىكىرلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دوكتورلۇق رىسالىسىدە شاختنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقى ھەققىدە يازغان كىتابىنىڭ تەنقىدىنى رىسالىنىڭ باش تېمىسى قىلىشنى قارار قىلىپ، رىسالىنىڭ تېمىسىنى تەستىقلىتىش ۋە رىسالە يېتەكچىسى بولۇپ بېرىش ئۈچۈن پىروفېسسور ئاندېرسوننىڭ يېنىغا بارغان. ئاندېرسون: «شاختنىڭ كىتابىنى تەنقىد قىلىش رىسالىنىڭ تېمىسى بولالمايدۇ، بۇنى تەستىقلاش بىمەنىلىك» دەپ قوشۇلمىغان. دوكتور ئەمىن ئەلمىسرىي لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغان ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىسلام تەتقىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان

يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆزىنىڭ مەزكۇر تېمىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى تەييارلىغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلارمۇ بۇ تېمىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلار كېيىنچە قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە بۇ تېمىنى تەستىقلىتىشقا كۆچەپ باققان بولسىمۇ، ئۇلار ئاخىر ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئۇنىڭغا: «بۇ يەردە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالماقچى بولسىڭىز، شاختىنى تەنقىد قىلىش تېمىسىدىن ۋاز كېچىڭ، چۈنكى ئۇنىۋېرسىتېت سىزنىڭ بۇ تېمىدا رىسالە يېزىشىڭىزغا يول قويمايدۇ» دېگەن. بۇ سۆزلەرگە ئاساسەن، ئۇ ئامالسىز رىسالىسىنىڭ تېمىسىنى «مۇھەددىسلەرنىڭ ھەدىسلەرنى باھالاش ئۆلچەملىرى» دەپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئۇلار رىسالىنىڭ تېمىسىنى دەرھال قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ كىشى ھازىر دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

مانا مۇشۇلار مېنىڭ شەرقشۇناسلار بولۇپمۇ گولدزىھېرنىڭ كىتابلىرى ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىمنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسىدۇر. «سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى» ناملىق كىتابىمدا مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، ئۇنىڭدا ھەممىگە تونۇشلۇق يەھۇدىي شەرقشۇناس گولدزىھېرنىڭ ئىسلامغا قىلغان ناھەق ھۆجۇملىرى، ھەقىقەتلەرنى قانداق ئوڭ - تەتۈر قىلغانلىقى، ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتكەنلىكى، تارىخىي ۋەقەلەرنى غەرەزلىك شەرھلىگەنلىكى، ھېچقانداق ئىلمىي قىممىتى بولمىغان مەنبەلەرگە تايىنىپ ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىماملىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىلمىي مەنبەلەرنى يالغانغا چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ئامېرىكىدا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا دۈشمەنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرماقتا. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خەتەرلىك شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،

ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئىسلامىي تەتقىقاتلار ئىسلامغا ئەشەددىي ئۆچ، مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ كونتروللۇقىدا.

بۇ يەردە سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال شۇكى، بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ۋە ئۆز يۇرتىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلار يەنە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. ئىسلام تەتقىقاتلىرى ساھەسىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى دوكتورلۇق تەتقىقاتىدا ئاشۇ زەھەرلىك مەنبەلەردىن باشقا مەنبە تاپالمايدۇ. ئۇلار ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلمىگەچكە، شەرقشۇناسلار كىتابلارغا كىرگۈزۈۋەتكەن زەھەرلىك پىكىرلەر ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىدە مۇسۇلمان ئۆلىمالاردىن ۋە فەقىھلەردىن قوبۇل قىلىنغان ئىلمىي ھەقىقەت سۈپىتىدە ئورنايدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇ مەسىلە بىزنىڭ ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلەر ئىنگلىز تىلىدا ئۆتۈلىدىغان ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق بۆلۈملىرىنى قۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئەھۋال ئىسلام دۇنياسىدىن كېلىدىغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا بۇرىيالايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى مۇستەملىكىچى، مۇتەئەسسىپ شەرقشۇناسلارنىڭ زەھەرلىك پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قالالايمىز.

# خاتىمە

## شەرقشۇناسلار ھەققىدە ئاخىرقى سۆزۈم:

ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقاندىن بۇيان، غەربلىكلەر ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلاردىن باشقا يوللار بىلەن ئۆچ ئېلىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ باقمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تۇنجى سىناپ باققان يول ئىسلامنى تەتقىق ۋە تەنقىد قىلىش بولدى. ئوتتۇرا ئەسىردە غەربتىكى خىرىستىيان مۇھىتتىنا ئىنتايىن ئالقىشقا ئېرىشكەن بۇ پىكىرنىڭ سايىسىدە ئىسلام دۆلەتلىرىگە كۈچ ۋە زورلۇق بىلەن تاجاۋۇز قىلىش ئويى بارلىققا كەلدى. ئىسلام دۇنياسى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاجىزلىشىشقا باشلىغاندا، غەربلىكلەر ئىسلام دۆلەتلىرىگە بىر – بىرلەپ، ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. غەربلىكلەر ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنى ئىشغال قىلار - قىلمايلا ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرۇلۇق كەڭ دائىرىلىك تەتقىقاتلارنى باشلىۋەتتى. بۇ دۆلەتلەردە خەلققە ھۆكۈمرانلىق ۋە جاھانگىرلىك قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تەتقىقات دائىرىسىنى ئىزچىل كېڭەيتىپ، تەرەققىي قىلدۇردى. ئالدىنقى ئەسىردە ئىسلامنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى دىنىي، تارىخىي ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تاماملاندى. غەربلىكلەر بارلىق ئىسلام تەتقىقاتلىرىدا ئىككى توسالغۇ سەۋەبلىك ھەقىقەتنى تاپالمىدى.

1. ياۋروپا سىياسىيونلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىكى دىنىي مۇتەئەسسىپلىك. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش قوشۇنلار بەيتۇلمەقدىسكە كىرگەندە، لورد ئاللېنبى: «ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئەمدى ئاخىرلاشتى» دېگەن (بۇ سۆزلەر ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ ھەربىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ). ئەمما، دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنىڭ تەسىرى نۇرغۇن شەرقشۇناس يازغۇچىلارنىڭ ئىسلام ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىدە ھېلىھەم كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئەكس ئېتىپ تۇرماقتا. ئىسلام ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەققانىيلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن غەرب ئالىملىرى ۋە يازغۇچىلىرى كۆپىنچە خىرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغان كىشىلەر بولۇپ، بىز بۇنىڭغا «(گۇستاۋ لې بون) Gustave Le Bone»نىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنى مىسال سۈپىتىدە بېرەلەيمىز. بۇ ئەسەرنى غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى ھەققانىيلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن كىتابلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى كىتاب دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ باشقا كىتابلارغا سېلىشتۇرغاندا ھەققانىيلىق ۋە ئىنساپ بىلەن يېزىلغان بولۇشى گۇستاۋ لې بوننىڭ ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيدىغان ماتېرىيالىست پەيلاسوپ بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. (بۇ يەردە شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى)، ئاپتور بۇ ئەسەردە ئىسلام مەدەنىيىتىنى بىتەرەپ ۋە ھەققانىيلىق بىلەن تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، غەربلىك ئالىملارنىڭ نەزىرىدە لايىقىدا ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەن. ھالبۇكى، گۇستاۋ لې بوننىڭ 19 - ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ جەمئىيەتشۇناس ۋە تارىخشۇناس ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەربلىكلەر بولۇپمۇ فىرانسىيەلىكلەر ئۇنىڭغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان.

2. غەربلىكلەرنىڭ 18 - ۋە 19 - ئەسىرلەردە قولغا كەلتۈرگەن ماددىي ۋە ئىلمىي كۈچى غەربلىك ئالىملار، تارىخچىلار ۋە يازغۇچىلارنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويغان. نەتىجىدە ئۇلار مىسىر مەدەنىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تارىختىكى

بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ تۈپ ئاساسى غەربلىكلەر ئىكەنلىكىگە، لوگىكىلىق ۋە توغرا تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەقلىيزمچىلىكنىڭ پەقەت غەربتىلا مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنگەن. ئۇلارنىڭچە بولغاندا، غەربلىكلەردىن باشقا بارلىق دۆلەتلەر بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئەقلىي سەۋىيەسى تۆۋەن، ئاددىي كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ياكى شەرقشۇناس گىببىنىڭ كىتابىدا دېيىلگىنىدەك: «جۇزئىي ئەقىل» سەۋىيەسىدىكى كىشىلەردۇر. گىببى بۇ ئوخشىتىشىدا ئىسلامىي ئەقلىيزمچىلىكنىڭ مەسىلىلەرنى پەقەت جۇزئىيات ئارقىلىقلا چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى، ئەمما كۈللىي شەكىلدە چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان.

ئۇلار مۇستەملىكە خەلقلەرنىڭ ئاجىزلىقى، ئۇلار ئىچىدە نادانلىقنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە ساھەدە ئارقىدا قالغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ مۇشۇنداق يەكۈننى چىقارغان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىزنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز باشلىنىپ، غەرب مەدەنىيىتى ئارىمىزدا ئومۇملىشىشقا باشلىغاندا، شەرىئەت ئۆلىمالىرىدىن باشقا پۈتۈن مەرىپەتپەرۋەر مۇسۇلمانلار كىلاسسىك مەنبەلىرىمىزدىكى مەنىۋى مىراسلىرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىدى، چۈنكى مەزكۇر مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار غەربلىكلەرنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدىكى رەت - تەرتىپكە ماس كەلمەيدىغان، تەرتىپسىز، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۈتۈن ئۆمرىنى ئىسلام كۈلتۈرىنى تەتقىق قىلىپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلانغان قەدىمكى مەنبەلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۇ كۈلتۈرنىڭ مەسىلىلىرىگە ئائىت كىتابلار يېزىش ئۈچۈن نەچچە يىللاپ ۋاقىت سەرپ قىلغان ۋە بۇ جەرياندا قولىغا چۈشكەن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ پۈتۈن كىتابلىرىغا يەنى كىلاسسىك مەنبەلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن شەرقشۇناسلار رەتلەپ يېزىپ چىققان كىتابلارنى ئوقۇشتىن ئىبارەت قولاي يول بار ئىدى.

شەرقشۇناسلار ئۆزلۈكسىز تەتقىق قىلىش، تەتقىقات ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلاش ۋە جاھانگىرلىك نىشانىغا يېتىشكە ئىنتىلىش ئارقىلىق ئىسلام كۈلتۈرى ھەققىدە مۇسۇلمان زىيالىيلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان، ئوي - پىكىرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سۆزلەرنى قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بولۇپمۇ مۇسۇلمان زىيالىيلار شەرقشۇناسلارنىڭ كىتابلىرىدىكى ئۇسلۇبنى بىلەن بىزنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئۇسلۇبىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شەرقشۇناسلارنىڭ بىلىمىگە ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىش ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، شۇلارنىڭ كىتابلىرىدىن نەقىل ئېلىشقا يۈزلەندى. ئۇلار شەرقشۇناسلارنى ھەقىقەتتىن باشقا نەرسىنى دېمەيدۇ، شەرقشۇناسلار ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە خىلاپلىق قىلمىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى تېخىمۇ توغرا ۋە كۆزقاراشلىرىنى تېخىمۇ ساغلام دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدا شەرقشۇناسلار ئىنتايىن ئىنچىكە ئىلمىي مېتودقا تايىنىدۇ، ئىلمىي مېتودتىن ئەسلا چەتنىمەيدۇ. غەربلىكلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا تايىنىش دەل مۇشۇ نۇقتىدىن باشلانغان.

بۇ زىيالىيلار كىلاسسىك مەتىنلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىلمىي ماتېرىياللارنى تېز – تېز ئىشلەپچىقىرىش ئارزۇسى ياكى ئىلمىي ۋە دىنىي مۇھىتتىكى ھەممىگە مەلۇم قاراشلارغا ئوخشىمايدىغان، يېڭىلىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ھەۋىسى تۈپەيلىدىن، شەرقشۇناسلار ۋە باشقا غەرب تەتقىقاتچىلىرى پايدىلانغان ئەسلىي ئىسلام مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلمايدۇ. ھەتتا شۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەندىكى، غەربلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى كەمسۇندۇرۇش، ئاجىزلىق تۇيغۇسى، ئۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىك، شەرقشۇناسلارنى چوڭ كۆرۈش، ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلار ھەققىدە يامان گۇمان قىلماسلىق تۇيغۇلىرى ۋۇجۇدىمىزنى قاپلىدى. نىھايەت، سىياسىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى باشلىنىپ، مۇستەقىللىقىمىز غەربلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنلا،

پىكرىي مۇستەقىللىقىنىڭمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. ئۆزىمىزگە ئىشىنىش، مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مىراسلىرىمىزنى قەدىرلەش، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرى، ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتىنى بىلىش ئۈچۈن شەرقشۇناسلارغا مۇراجىئەت قىلىشتىن خىجىلچىلىق ئېڭى دىنىي زىيالىيلار ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بىزمۇ ئەمدى شەرقشۇناسلارنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان دىنىي نىشانلىرى ۋە جاھانگىرلىك غەرەزلىرىنى كۆرۈپ يەتتۇق.

بىز تېخى مۇكەممەل كۈچىيىپ بولالمىغان ۋە تولۇق مۇستەقىل بولمىغان بولساقمۇ، بۇ يولدا ئىزچىل ماڭىمىز، چۈنكى بۇ كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. بىز ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھامان بىر كۈنى مەنزىلىمىزگە يېتىمىز. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئوغۇللىرىمىز ۋە نەۋرىلىرىمىز بىزنىڭ قانداقسىگە بۇ دەرىجىدە شەرقشۇناسلارغا ئالدانغانلىقىمىزدىن ھەيران قالىدۇ.

شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بىز غەربلىكلەرنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى، دىنىنى، ئىلىم - پەنلىرىنى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق ۋە تەنقىد قىلىمىز.

شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بالىلىرىمىز ۋە نەۋرىلىرىمىز غەربلىكلەر بەلگىلىگەن تەنقىد ئۆلچىمى بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ۋە ئەقىدىسىنى تەنقىدلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە بىلىمىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە پۇچەكلىكى ھازىر بىزنىڭ ئەقىدىمىز ۋە ئىلىملىرىمىزگە چاپلىغان بوھتانلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر.

ئەگەر مۇسۇلمانلار شەرقشۇناسلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ۋە ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان ئىلىملىرىنى تەنقىد قىلىشتا ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى تەنقىد قىلىشتا قوللانغان ئۆلچەملەرنى قوللىنىپ قالسا، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىن ۋە تارىخ ئىلىملىرى ئىچىدىن ساغلام، قىممەتكە

ئىگە قانچىلىك نەرسە قالار؟

مۇسۇلمانلار كەلگۈسىدە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى، مۇقەددەساتلىرىنى، قوماندانلىرىنى، رەئىسلىرىنى ۋە ئۆلىمالىرىنى تەنقىد قىلىشتا شەرقشۇناسلار ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنى تەنقىد قىلغاندا قوللانغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئىلمىي تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قالسا، شەرقشۇناسلار ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە رەھبەرلىرى ھەققىدە قىلغان يامان گۇمان ۋە شەك – شۈبھىلەردىن كۆپرەكىنى يەكۈنلەپ چىقالماسمۇ؟ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايالماسمۇ؟ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئالىملىرى، سىياسىيونلىرى ۋە ئەدىبلىرىدە ئەخلاق – پەزىلەتتىن ئەسەرمۇ يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقسىز ۋە ۋىجدانسىزلىقىنى پاش قىلالماسمۇ؟

مەن مۇسۇلمان يازغۇچىلارنىڭ غەرب مەدەنىيىتى ۋە غەرب ئالىملىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى شەرقشۇناسلار ئۆز ئەسەرلىرىدە قوللانغان ئۇسلۇبتا يەنى ئاساسسىز خەۋەرلەرنىڭ پېيىغا چۈشۈش، ئىبارىلەرنى بۇرمىلاپ خاتا چۈشەندۈرۈش، پەزىلەتنى ئىللەت كۆرسىتىش، غەربلىكلەر تەرىپىدىن كەلگەن بارلىق ياخشى ئىشلاردا گۇمان پەيدا قىلىش دېگەندەك ئۇسلۇبتا يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال مەيدانغا كەلسە، غەرب مەدەنىيىتى ھەمدە غەربلىكلەرنىڭ ئىنتايىن مەينەت ۋە كۆلكىلىك كۆرۈنۈشى ئوتتۇرىغا چىقاتتى – دە، شەرقشۇناسلار ھەممىدىن بۇرۇن بۇنى ئىنكار قىلغان بولاتتى. سىزنىڭچە، ئارىمىزدىن بىرى چىقىپ شەرقشۇناسلارنى ئوقۇسۇن دەپ غەربلىكلەرنىڭ ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلامدۇ ۋە تەتقىقاتىدا غەربلىكلەرنىڭ مەزكۇر تەنقىدلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنالامدۇ؟ ئاندىن ئۇلار ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلام دىنىدىكى ھەقىقەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا قوللىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان مەزكۇر مېتودلارنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزلىرىگە بالا بولغانلىقىنى كۆرسە، بەلكىم ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ تېكىستلىرىنى ئىزچىل بۇرمىلىغانلىقى، تېكىستلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ۋە ئىسلامىي قىممەت - قاراشلارنى ئاشۇ مېتودلار بىلەن يىقىشقا

ئۇرۇنغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلىشى مۇمكىن.

ئەمدى شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىلىملىرىمىز ۋە تارىخىمىزنىڭ مەنبەلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن غەربلىكلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغان دەۋر ئاخىرلاشتى. ئەمەلىيەتتە، غەربلىكلەرنىڭ قولىدىكى مۇسۇلمانلار يازغان كىتاب ۋە قولىيازما ئەسەرلەردىن باشقا مەنبە يوق. بىز ئىلگىرى ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىي مەنبەلىرىنى بىلمىگەن بولساقمۇ، ئەمدى ئىلمىي مەنبەلەرنى بىلمەسلىكتىن؛ ئۇلارنى تىلىمىزنى، ئۆرپ - ئادىتىمىزنى ۋە ئەنئەنىمىزنى بىلمەيدىغان چەتئەللىكلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە تايىنىپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت نومۇستىن بېشىمىزنى ئېگىز كۆتۈرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. شەرقشۇناسلارنىڭ دېگىنى بويىچە دىنىمىز ۋە ئۆلىمالىرىمىز ھەققىدە شۈبھىلىك ۋە گۇمانلىق قاراشتىن دىنىمىزغا قەتئىي ئىشىنىپ، ئۆلىمالىرىمىزغا سەمىمىي بولۇشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى. كۆمۈلۈپ قالغان ئىلمىي خەزىنىلىرىمىز ئۈستىدىكى چاڭ - توزانلارنى قېقىۋېتىپ، تولۇپ - تاشقان ئەركىن ھېسلىرىمىز بىلەن مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

ئەگەر شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامىي ئىلىملەر ھەققىدىكى قاراشلىرىغا ۋە چۈشەنچىلىرىنى يەنىلا ياخشى ئويلايدىغانلار بولسا، بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى خالايدىغانلار مېنىڭ شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ مۇھاكىمىسى ھەققىدە يازغان: «سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى» ناملىق كىتابىمنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەرقشۇناسلارنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرىنى پاش قىلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇسۇن. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار شەرقشۇناسلارنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرەلەيدۇ.

گەرچە بىز گولدزىھېرگە ئوخشاش ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، كىشىلەرنى ئاداشتۇرىدىغان شەرقشۇناسلارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان بولساقمۇ، قەدىمكى ئىسلامىي ئەسەرلەرنى نەشر

قىلغان، تەتقىقاتلىرىدا پەقەت ھەقىقەتنى ئىزدەشنىلا كۆزلىگەن ئىنسابلىق شەرقشۇناسلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئىنكار قىلالمايمىز. چۈنكى، ئىلىم ھېچبىر مىللەتنىڭ مونوپوللۇقىدا بولمايدۇ.

ئىسلام ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن دىنىدۇر. دىننى چۈشىنىش بىرەر مىللەتكە خاس ئىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەركىم ئۆلىمالارنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا سەمىمىي بولۇش ۋە ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش، مۇتەئەسسىپلىك ۋە نەپسانىي ھاۋايى - ھەۋەستىن يىراق تۇرۇشتەك سۈپەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش شەرتى بىلەن دىندىن خالىغان نەرسىنى چۈشەنسە بولىدۇ.